

دولقۇن روزى

# مەڭگۈلۈك سىرداش

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ



دولقۇن روزى

# مەڭگۈلۈك ئىزدەش

(شېئىرلار)

مىللەتلەر نەشرىياتى

# نەشرىياتتىن

ياش شائىر، ئوبزورچى دولقۇن روزى 1967 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، قورغاس ناھىيە كۆكدالا دېھقانچىلىق مەيدانى(64 ـ پولك)دا، ھەربىي ئائىلىدە تۇغۇلغان. 1974 ـ يىلىدىن 1984 ـ يىلىغىچە ئۆز يۇرتىدا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تاماملاپ، 1984 ـ يىلىدىن 1989 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ تۇنجى قارار ئاخبارات كەسپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئىلى ناھىيەسىگە تەقسىم قىلىنغان. 1993 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە ئىلى ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەتتە، ئىلى ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتلىك ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن. 2001 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتلىك ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن. ھازىر ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىغان «ئىلى تارىخىي ماتېرىياللىرى» نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئىشلەۋاتىدۇ.

ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا 500 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ئائىت ماقالىلىرى، ئوبزور، نەسرلىرى ئېلان قىلىنغان.

دولقۇن روزىنىڭ «ئىلى كەچلىك گېزىتى» دە بېسىلغان «يۇمران قەلبنىڭ لىرىك ئىلتىجاسى» ناملىق ئوبزورى 1994 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە گېزىت ئەدەبىي بەتلىرىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىلى 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنـ

غان «يارقىن بىر سۇبھىگە ئۇزاتقىن غۇلجام» ناملىق شېئىرى 1998 ـ يىلى غۇلجا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن بېرىلگەن «گۈلزار غۇلجا ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «باھار ئەمگۈز مېھرىڭدىن ئوغۇز» ناملىق بىر يۈرۈش شېئىرلىرى 2000 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن «شىنجاڭ خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تارقىتىش ۋە 6 ـ نۆۋەتلىك يېڭى ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى» دا «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئاڭلىغىن دۇنيا، ناخشام سۆزلىسۇن» ناملىق بىر يۈرۈش شېئىرلىرى شۇ يىلى 4 ـ قېتىملىق «تارىم ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان بىر يۈرۈش شېئىرلىرى 2003 ـ يىلى 3 ـ نۆۋەتلىك «ئىلى دەرياسى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا، 2004 ـ يىلى «ئىلى گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «پەرۋازنامە» ناملىق نەسرى ئاپتونوم رايون بويىچە گېزىت ئەدەبىي بەتلىرىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە 2008 ـ يىلى «ئىلى دەرياسى ژۇرنىلى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە 5 ـ نۆۋەتلىك ئىلى دەرياسى ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى تارقىتىش يىغىنى»دا، ئىلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوشقان تېگىشلىك تۆھپىسى بەدىلىگە بېرىلگەن «تۆھپىكار ئاپتور مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

ئۇ، ھازىر ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەم شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى.

# مۇندەرىجە


خىياللىرىم ........................ 1
ياشلىقىمنى بەڭباش دېمەڭلار ........................ 2
پارتىزانچە سۆيگۈ ........................ 4
قىزلار كۆڭلى ئويۇن ئەمەس يىگىتلەر ........................ 6
ئۇ چاغلار ........................ 7
چىن سۆيگۈ ........................ 9
يولسىز تىرىلىش ........................ 10
تىلسىم كەچ ........................ 11
شېئىر بەردى سۆيگۈ ھېسلىرىڭ ........................ 13
چۈشلىرىمگە كۆچتى مەجنۇنلۇق ........................ 14
بىر تىلسىم دۇنيا ........................ 15
قىشتىكى دەريا ........................ 16
مەڭگۈلۈك ئىزدەش ........................ 17
ۋاقىت ئالدىدا ........................ 18
گۈلنەپشە ........................ 19
سائەت ئىسترېلكىسى ........................ 20
غالىب تىلەكلەر ........................ 21
بۇرھان چوققىسى ........................ 22
ئىسپىيلىك ........................ 23
مېھمان ........................ 24
كەلگىن چۈشۈم تەلپۈنگەندە لەيلىقازاقلار ........................ 25
سۆيگۈ قۇدرىتى ........................ 26
ئۈمىد ناخشىسى ........................ 27

قەلبىمدىكى قوڭغۇراق ........................ 28
سۆيگۈ ئەسلىمىسى ........................ 29
ئارمانلار گۈل تۇتۇپ چىقار ئالدىمغا ........................ 30
مۇھاجىر مۇڭلىرى ........................ 31
سۇزۇك تۇيغۇلار ........................ 33
مۇساپىر خازان ........................ 35
سەن... ........................ 36
يانۋار خاتىرىسى ........................ 37
قەدىر كېچىسى ........................ 39
يارقىن بىر سۈبھىگە ئۇزاتقىن غۇلجام ........................ 41
قۇش پېيىغا يېزىلغان ناخشا ........................ 43
ئاي تۈنەپ قالىدۇ ئىلىدا بۇ كەچ ........................ 44
تېلېفون لىرىكىسى ........................ 45
سەمەندەر ناخشىسى ........................ 46
لەگلەكچى بالا ........................ 47
سۇمۇرغ كۈيى ........................ 48
تۈنگە ئاتاپ ........................ 50
تەنھا دەرەخ ........................ 51
ئەڭ گۈزەل لىرىكام بولار رەسىدە ........................ 53
ئانا قەسىدىسى ........................ 54
قىش قىز ........................ 55
ئادەملىك تۇغماقتا مېنى قايتىلاپ ........................ 56
تەقدىر ئالدىدا يىغلىمايدۇ ئەر ........................ 58
چاقىمەن ئازابىنىڭ قۇلۇپلىرىنى ........................ 59
گۈزەل تۈنەك ........................ 60
ئىخلاس چېچىكى ........................ 61
سۆزلەيمەن دولقۇنلار تەلەپپۇزىدا ........................ 62
شام قەسىدىسى ........................ 64
قاپقارا نۇر تامچىتار گۈگۈم ........................ 66

تەمبۇر ........................ 67
روھ ئىستىپلاسى ........................ 69
مۇھەببەت سۆزلەيدۇ تىكەنلىرىڭمۇ ........................ 71
كېچە رىسالىسى ........................ 72
مېۋىگە كىرمەكتە گۈزەل ئىدىيەم ........................ 74
تەبەسسۇم تۆكەر مېنىڭ قۇياشىم ........................ 75
سېنىڭ ئىسمىڭ ئازابمۇ، بەخت؟ ........................ 76
ئۇرۇمچى ........................ 78
دادا روھى ........................ 80
بۇلبۇلغا سۆز ........................ 82
بۇ يۈرەك نەقىشلىك دۇتار ........................ 84
سىڭلىم ئايتۇرغان ........................ 86
باھار ئەمگۈز مېھرىڭدىن ئوغۇز ........................ 87
تەتۈر قوشۇلۇش ........................ 89
مەن قەرزدار ئانا يوللارغا ........................ 91
شائىر ........................ 93
ناخشىدىن يارالغان كۈنۈم ........................ 94
پېۋىغا سۆز ........................ 95
سۆزۈك ئىلتىجا ........................ 97
ئوغلۇم ئالبومىغا ........................ 98
قەشقەر رومانتىكىسى ........................ 99
ئۇيغۇر مۇقامى ........................ 101
باھار قىزى ........................ 103
ئايىدە ........................ 104
بەخت، ئۇنتۇلغان پۇشتۇڭمەن ........................ 106
ئېمىلداش ناخشاڭغا ناخشام ........................ 108
بىر قەلب سىغدۇرار چۆچەكلىرىمنى ........................ 110
دۇتار ........................ 112
قىزلارنىڭ كۆز يېشى ........................ 113

كەچلىك ئاپتوبۇس ........................ 115
تەقدىر يېڭىلاش ........................ 117
بەخت ئەمرىمگە ئۆتكەن ئاشۇ كۈن ........................ 119
ئاخشام قۇشلىرى ........................ 120
مۇھەببەت قۇشۇم ........................ 121
يارىلاي ........................ 123
مەخپىيەت ........................ 124
نىگاتىپتىكى قۇياش ........................ 125
قۇياشقا يۈزلىنىپ تۇغۇلدىم ناخشا ........................ 127
دۇنيا ھامىلىدارسەن ناخشام تېڭىغا ........................ 129
يۇرت ناخشىسى ........................ 131
كۆكدالا، قىز كېچە ۋە مەن ........................ 133
ئازابنى قېرىتقان يىگىتتۇر - يىگىت ........................ 135
سەن بۇرۇنقى سەن ئەمەسسەن... ........................ 137
قۇياشقا سۆز ........................ 139
دادام، دۇنيا - دۇنيا غەمنى يەڭگۈچى ........................ 141
بىر گۈزەل ئايالنى يەپ كەتتى ئازاب ........................ 143
ئارمان قىز ........................ 145
تىرىلگەن چاقماق ........................ 147
شاڭخەي ساھىلىدا خۇرسىنىش ........................ 149
ياشايمەن مەن ئەمدى سۆيگۈسىراپلا ........................ 151
بىر يۈرەك بار باھارسىرىغان ........................ 153
توي ماشىنىسى بېزىگۈچى قىز ........................ 155
مۇھەببەتسىز يۈرەك قەبرىگاھ ........................ 157
كوچىدىكى قىز ........................ 158
دىل چۆكمىلىرى ........................ 159
«بەيتۇللا»نىڭ ئالدىدىن مەست ئۆتمىسەم بولاتتى ........................ 161
ھىجران كېچىسى ........................ 163
جامالىڭ تولۇن ئاي ئەينىكى گويا ........................ 165

مېھمىنى بولماڭلار سۆيگۈسىز دىلنىڭ ..................... 167
تاڭلىرىمنىڭ پەرىشتىسى سىز ..................... 169
ئەڭ ئاخىرقى سۇۋادان ..................... 172
«سادىر ئۆڭكۈرى» دە توۋلىدىم ناخشا ..................... 175
چوققىلاردا بىلەپ قايتتىم قەھرىمنى ..................... 177
يۈرەك رىسالەم ..................... 179
ئەسسالام «بەيتۇللا» غۇلجام يۈرىكى ..................... 181
خوش! توققۇزتارانىڭ ئايسىز كېچىسى ..................... 184
چولپانلار ياتىدۇ «چولپان مازار» دا ..................... 187
قۇياشقا ئارمانداش ناخشا ئېيتىمەن ..................... 190
قۇياشلىق ئۇپۇقتا مېنىڭ مەنزىلىم ..................... 192
قەسىدە ئوقۇيدۇ سەن ماڭغان يوللار ..................... 195
ئاق تىلەكلەر نۇرلاندۇرار يولۇمنى ..................... 196
دولقۇن روزى شېئىرلىرىدىكى تىراگىدىيەلىك گۈزەللىك ۋە
مۇزىكا ..................... 198

# خىياللىرىم

مېنىڭ ئۇچقۇر خىياللىرىم ئۆرلىدى،
قالدى پەستە بۇلۇت سۆيگەن چوققىلار.
ئاي خۇشلۇقتا كۇتۇپ ئالدى ناز بىلەن،
چىرمىۋالدى ئۇنى نۇرلۇق شولىلار.

بىراق ئاينىڭ ناز، تەبەسسۇم ـ كۈلكىسى،
ئۇنى مەپتۇن قىلالمىدى شۇ مەھەل.
ئۇچۇپ كەتتى ئاينى داغدا قالدۇرۇپ،
قاراپ قالدى ئارقىسىدىن ئاي گۈزەل.

مېنىڭ جۇشقۇن خىياللىرىم ئۆرلىدى،
بەخت ئىزدەپ كەڭ ئاسماننى ئايلىنىپ.
سامان يولى بولدى ئاڭا پايانداز،
سۆيدى قۇياش، قالدى چولپان مۇڭلىنىپ.

1985 ـ يىلى 11 ـ ئاي ، ئۈرۈمچى

# ياشلىقىمنى بەڭباش دېمەڭلار

ياشلىقىمنى بەڭباش دېمەڭلار،
تۇسۇن ئاتتەك يۇلقۇنۇپ تۇرسا.
قىيادىكى قىران بۈركۈتتەك،
بورانلارغا كۆكسىنى ئۇرسا.

ياشلىقىمنى بەڭباش دېمەڭلار،
تاغ سۈيىدەك ئېتىلىپ ئاقسا.
قىرغاقلارنى سۆيۈپ ئەركىلەپ،
چىمەنلەرگە باغرىنى ياقسا.

ياشلىقىمنى بەڭباش دېمەڭلار،
دەريا - دەريا سۆيگۈگە چۆمسە.
دولقۇنلاردەك كۆتۈرۈپ ئىسيان،
مىڭ رەت ئۆلۈپ، مىڭ بىر تىرىلسە.

ياشلىقىمنى بەڭباش دېمەڭلار،
يانار تاغدەك يېلىنجىسا ئۇ.
ياش يۈرەكنى چوغدەك ياندۇرۇپ،
بېغىشلىسا ئىللىق بىر تۇيغۇ.

ياشلىقىمنى بەڭباش دېمەڭلار،
ئارمانلارغا مىنگىشىپ ئۇچسا.
ئىزگۈ ھېسلار ئەللەيلىشىدە،
جۇشقۇن ھايات پەيزىنى قۇچسا.

# مەڭگۈلۈك ئىزدەش

ياشلىقىمنى بەڭباش دېمەڭلار،
بۇلبۇل تۇرغان قەپەسنى چاقسا.
تەركىدۇنيا ھامىيلىرىغا،
قەھرى بىلەن ئالايسا ـ باقسا.

ياشلىقىمنى بەڭباش دېمەڭلار،
روھنى ئويغاق بىر كۈيگە چالسا.
چۈمبىلىنى يىرتىپ كېچىنىڭ،
غەپلەتكە بىر تەستەك سالسا.

ياشلىقىمنى بەڭباش دېمەڭلار،
چاقماقلاردىن قۇدرەت تالاشسا.
چوققىلارغا شىلتىپ قولىنى،
ھەيۋە قىلسا ھەتتا قۇياشقا.

ياشلىقىمنى بەڭباش دېمەڭلار،
سىلەر ئۆتكەن كۆۋرۈك ئىدىغۇ؟
چەكلىمەڭلار، ئۇنىڭ باسقىنى —
ئەجدادلارنىڭ باسقان ئىزىغۇ!...

1986 ـ يىلى 9 ـ ئاي، ئۈرۈمچى

# پارتىزانچە سۆيگۈ

ئاجايىپ بىر سەۋدا چۈشتى بېشىمغا،
كېتەلمەس بوپ قالدىم سىرلىق كوچاڭدىن.
ھېسلىرىم ئوتىنى ئۇلۇغ ياندۇرۇپ،
ئاھ، چىقماس بوپ قالدىڭ سەنمۇ ھويلاڭدىن.

تۈن ـ كېچە جۆنەيمەن مەھەللەڭ تامان،
تەلمۈرۈپ باقىمەن تامدىن، شوراڭدىن.
ۋەسلىڭنى مىڭ كۆزدە كۈتمەن سېنىڭ،
ئۇيقۇمنى قاچۇرۇپ يېگەچ غوراڭدىن.

سەن چىقىپ كېلىسەن مېنى لال قىلىپ،
پەرىشتە مىسالى شۇنچىلىك ئوماق.
سۆيگۈنىڭ كەيپىدە چاپچىيدۇ يۈرەك،
تەشنالىق ئەۋجىدە ئاچىمەن قۇچاق.

ئۇچرىشىپ تۇرىمىز ئارىلاپ جېنىم،
بىز دەككە ـ دۈككىدە پەقەت كېچىدە.
بۈككىدە ئالمىلىق بولار پاسىبان،
ھەممىنى ئۇنتۇيمىز لەززەت ئىلكىدە.

تۈن نىسپى لېۋىڭنى ئاجرىتىپ ئاستا،
قىيماستىن ئەنسىزلا كېتىپ قالىسەن.

### مەڭگۈلۈك ئىزدەش

مىڭ يىللىق سەپەرگە ئاتلانغان سىياق،
ماڭدامدا قايرىلىپ نەزەر سالىسەن.

بىز ئەمدى يۈرمەيلى پارتىزانلارچە،
پىنهاندا مۆكۈنۈپ، تىنەپ - تەمتىرەپ.
ۋىسالنىڭ تۇغىنى تىكلەيلى بىرگە،
چوغدەك قوش يۈرەكنى يارقىن كەشتىلەپ.

1988 - يىلى 5 - ئاي، ئۈرۈمچى

# قىزلار كۆڭلى ئويۇن ئەمەس يىگىتلەر

قىزلار كۆڭلى ئويۇن ئەمەس يىگىتلەر،
خارلانمىسۇن ئۇلار بەرگەن ئەقىدە.
ھەۋەس ئۇچۇن چەيلەنمىسۇن قىز قەلبى،
كۆز تەگمىسۇن، دەيمەن قىزلار بەختىگە.

ئانىلارنى ئاسرىغاندەك ئاسراڭلار،
تاڭلا ئەتە قىزلار ئانا ئەمەسمۇ؟
ئوماق سىڭىل، ھەدەڭلەرنىڭ بېشىغا.
ئويلاڭلارچۇ، قارا قىسمەت كەلمەسمۇ؟

ئاياللارنى يىغلاتقانلار ئەر ئەمەس،
نازۇك دىلغا ھىجران خەنجەر سالمىسۇن.
قىز يىغلىسا قۇياشمۇ تەڭ يىغلايدۇ،
قىزلار كۆزى ياشاڭغىراپ قالمىسۇن.

1986 ـ يىلى 8 ـ ئاي، ئۈرۈمچى

# ئۇ چاغلار

ئۇ چاغلار قەۋەت شوخ رومانتىك ئىدۇق،
بۇلدۇقلاپ تۇراتتى ياشلىق ھېسسىمىز.
يۇگەنسىز ئات سىياق يۇلقۇنار ئىدى،
سۆيگۈگە چىرماشقان ئىستەكلىرىمىز.

ئاي كۈلگەن نۇرانە ئايدىڭ كېچىلەر،
ئاتەشلىك تۇيغۇغا كۆمەتتى بىزنى.
قايماقتەك سېزىمدا ئالاتتۇق كۈتۈپ،
ياقۇتتەك جىلۋىدار ۋىسالىمىزنى.

سېھىرلىك ئويلارغا قىلاتتى غەرق،
شەھلا كۆز يۇلتۇزلار جىمىرلاشلىرى.
بىلىنەر ئىدى دەل تىلسىم مۇزىكا،
چىمبۇلاق سۇيىنىڭ شىلدىرلاشلىرى.

گۈزەللىك بېرەتتى لىرىك ئىشتىياق،
ناخشىغا لىق تولغان ئىدى قەلبىمىز.
سەلكىننىڭ مۇڭىغا كېتەتتى سىڭىپ،
ئارمانلا ئويغاتقان تاتلىق كۈلكىمىز.

غايىۋى جەننەتنىڭ سۆيۈشلىرىنى،
كۇتەتتۇق ساماۋى خىياللار سۇرۇپ.

ئۆلۈملەر ھەيۋىسى سالالمايتتى سۇر،
ياشاشقا قادىرتۇق دەردنى كۆلدۈرۈپ!...

ئۇ چاغلار تائەبەد كەتتى كەلمەسكە،
ئاھ، بىراق ئىزناسى ئۆچمەس دىللاردىن.
يار ساڭا يوللايمەن سېغىنىش كۈيى،
ئالدىمدا ئات چېپىپ ئۆتكەن يىللاردىن.

1988 ـ يىلى 10 ـ ئاي، ئۈرۈمچى

# چىن سۆيگۈ

قىزىلگۈل بەرگىدەك ئوتلۇق لېۋىڭگە،
بولغانغان لەۋلەرنى يولاتما دىلدار.
بۇ لەۋلەر سۆيۈشى ئەپ كەلمەس ۋىسال،
ئەپ كەلمەس زەررىچە شادلىقنى زىنھار.

بۇ لەۋلەر سۆيۈشى ئەپ كېلەر پەقەت،
پىغانسىز قەلبىڭگە ھىجران ۋە ئازاب.
مۆزلىتار سەبىي، شوخ تەبەسسۇمۇڭنى،
خاتىرجەم كۆنلىرىڭ كېتىدۇ ئۇزاپ.

لەۋلىرىڭ ساقلانسۇن شەبنەمدەكلا پاك،
خرۇستال قەلبىڭدەك سۈزۈك ۋە ئاپئاق.
كەل، دىلدار بىگۇمان سۆيۈشەيلى بىز،
چىن سۆيگۈ گەپ ـ سۆزسىز بولىدۇ شۇنداق.

1998ـيىلى 12 ـ ئاي، ئۈرۈمچى

# يولسىز تىرىلىش

يۈرىكىمدە ئۆلگەنتىڭ نېكەم،
پەيدا بولدۇڭ يەنە تۇيۇقسىز.
ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالدى غەم،
تۇنلىرىمنى قىلدىڭ ئۇيقۇسىز.

ئېلىپ كەتكەن ئىدى جىسمىڭنى،
سۆيگۈدىكى لىللا «قىرىلىش».
قايسى ئىلاھ بەردى رىسقىڭنى،
بولدى بۇ بىر يولسىز تىرىلىش.

1990 ـ يىلى يانۋار، ئۈرۈمچى

# تىلسىم كەچ

شەپەق تاشلاپ كەتكەن زەر رومال،
جۇلالىنار ئۇپۇق سەتھىدە.
ئىپار ئىزدەپ چىققان شوخ شامال،
ئىللىق سۆيەر گۈللەر مەڭزىگە.

رۇجەكلەردىن ئۇچار رىتىملىق،
قاناتلانغان سەزگۈنىڭ مۇڭى.
سېزىم بېرەر دىلغا يېقىملىق،
سەبىيلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى.

تۇتاشقاندەك سېھىرلىك سەۋدا،
ياپراقلاردا ئوتلۇق شىۋىرلاش.
كۈي تۆكىدۇ بۇلبۇللار شاختا،
ئاشىقلارغا بولۇپ تەقدىرداش.

خىلۋەتلەردە كۆيگەن نەپەسلەر،
ئىرماش - چىرماش بوپ كېتەر تامام.
سۆيگۈنىگە سۇنىدۇ دىلبەر،
گۈل لېۋىدە لەززەتلىك قىيام.

كۆزنەكلەردىن ئۈزەلمەي نەزەر،
ئىسقىرتىدۇ يىگىتلەر مىسكىن.
قىزلار قەلبى نازلىق تېپچەكلەر،
جىلۋىلىنىپ يالقۇنلۇق ھېستىن.

يۇرۇپ كەتسە جۇپ ـ جۇپ كۆلەڭگە،
ۋەدىلەشكەن جايىنى نىشانلاپ.
قاراپ قالار دەردى كۆپ «بەڭگە»،
تاماكىنى تىنماستىن شوراپ.

پۇچىلىنىپ كۆكتە تولۇن ئاي،
بولاقلارغا سۆزلەر ئىشقىنى.
ئاھ! تىلسىم كەچ مۇھەببەتكە باي،
دىلغا چىگەر سۆيگۈ رىشتىنى.

1990 ـ يىلى فېۋرال، كۆكدالا

# شېئىر بەردى سۆيگۈ ھېسلىرىڭ

ھېسلىرىمنى سېھىرلەپ تۈگەل،
ئېلىپ كەتتى بۇلاق كۆزلىرىڭ.
ئىدرىكىمگە تىكلىدى مەشئەل،
دەردلىك، ئەمما لىرىك سۆزلىرىڭ.

خىياللارغا ئەيلىدىڭ ئاداش،
ئاي كۆيگەن كەچ، كۈن كۈلگەن سەھەر.
كۈلكەم، ناخشام ئەلەمگە سىرداش،
بولۇپ قالدى بىۋاقىت دىلبەر.

بۆسۈپ كىردى گۈل مىسال تۇرقۇڭ،
پاسىلىنى بۇزۇپ چۈشۈمنىڭ.
يۈرىكىمگە ياماشتى مۇڭۇڭ،
ئۇدارىنى تەڭشەپ كۈيۈمنىڭ.

تىنچلىقىم كەتتى چالغىنىپ،
كۈيلىرىمنى ئېپ قاچتى شامال.
ئۇيقۇسىز تۈن ئوۋلىدى مېنى،
ئالقىنىغا ئالدى مىسكىن ھال.

ئوبرازىڭنى سىزىپ قەلەمدە،
شائىرىڭغا ئايلاندىم سېنىڭ.
مەھكۇم قىلىپ ئاچچىق ئەلەمگە،
شېئىر بەردى سۆيگۈ ھېسلىرىڭ!...

1990 ـ يىلى 3 ـ ئاي، نىلقا

# چۈشلىرىمگە كۆچتى مەجنۇنلۇق

چۈشلىرىمگە كۆچتى مەجنۇنلۇق،
تىلسىملانغان تاتلىق ئىزتىراپ.
ئارمان بىلەن بەزلەپ قايغۇمنى،
دوقمۇشۇڭدا يۈردۈم پىرقىراپ.

ماڭا ھۇجراڭ ئەسلەتتى گويا،
بۇلبۇل تۇرغان قەپەسنى بۇ دەم.
غەپلەتلەرگە چۆكتىمۇ قاراڭ،
چىقالمايسەن نېچۈن مەلىكەم؟

باغلانغاندەك بوينۇمغا ئارقان،
قايتتىم ھېسسىز، سوغۇق ياتاققا.
كىرپىكىمدىن تۆكۈلدى مارجان،
ئەسىر بولدۇم ئاچچىق پىراققا.

ھۆللەندى، ئاھ، كۆز يامغۇرۇمدا،
ئۆزۈڭ كەشتە ئىشلىگەن ياستۇق.
بۆسۈپ كىردىڭ لىرىك چۈشۈمگە،
چۈشلىرىمگە كۆچتى مەجنۇنلۇق!

1990 ـ يىلى 11ـ ئاي، ئىلقا

# بىر تىلسىم دۇنيا

ئېڭىمدا بار مېنىڭ غايەمدەك گۈزەل،
جەننەتكە ئوپئوخشاش بىر تىلسىم دۇنيا.
ئاسايىش، ئادالەت سۈرىدۇ ھۆكۈم،
رەزىللىك گىياھى كۆكلىمەس ئۇندا.

يوق ئەسلا چەك ـ چېگرا، پاسىل تۇيغۇسى،
ھاجەتسىز تۈرمە ھەم قەپەسلەر قۇرۇش.
ھېچكىمگە كۈشەندە ئەمەستۇر ھېچكىم،
يۈز بەرمەس بىھۇدە قان تۆكۈش ـ ئۇرۇش.

ئاشىقلار ئۇچۇنلا يارىتىلغاندەك،
سۆيگۈنى ئۆزگە يار قىلغان ئىنسان.
ئاسمىنى لىق تولغان ئىخلاس تۇغىغا،
ساختىلىق بايرىقى قىلالماس جەۋلان.

ئىپاردىن تىن ئالار، پۈرىماس جانلار،
پوروخنىڭ ئەجەلدەك سۈرلۈك ھىدىنى.
ھۆر ـ ئەركىن جىسمىغا سۇلتاندۇر روھلار،
ھېچ ئىلاھ تاڭالماس ئىرادىسىنى...

1991 ـ يىلى 1 ـ ئاي، ئىلقا

# قىشتىكى دەريا

مۇز ئاستىدا باھار قۇچاقلاپ،
سوقۇپ تۇرار بىر سەگەك يۈرەك.
مۇقام توۋلاپ تەۋرىتەر بۆشۈك،
تۈن نىسپىدە بىدار ئانىدەك..

كاچكۈللاردىن بېقىپ يۇلتۇزغا،
سۆزلەپ بېرەر ساھىلغا چۆچەك.
تىل ئاچقاندا سۆيگۈ ھەققىدە،
لەۋلىرىدە كۈلىدۇ چېچەك..

1991 ـ يىلى 1 ـ ئاي، ئىلقا

# مەڭگۈلۈك ئىزدەش

بۇ ئالەمدە بارمۇ، يوقسەن؟ بىلمەسمەن ئەسلا،
تۇغۇلدۇڭمۇ، تۇغۇلمىدىڭ؟ بۇ بىر تېپىشماق.
سېنى ئىزدەش پېشانەمگە پۈتۈلگەندەكلا،
چەكسىز ئىزدەش ئالەمگە تاشلايمەن ئاياق.

مىڭ ئۇچراتتىم ساڭا شەكلەن ئوخشايدىغاننى،
ئۇچراتمىدىم مەن تەلپۈنگەن سېنى مۇكەممەل.
ئارمان بىلەن قالدى ئۇلار بەختىمنى تىلەپ،
ساڭا سادىق يۈرىكىمنى قىلالماستىن ئەل.

بارسا كەلمەس بىر مەنزىلگە سەپەر ئالغاندەك،
غايەمدىكى ئوبرازىڭغا ئەگەشتىم ئۇنسىز.
ئىستەكلىرىم تاپالمىدى تەلتۆكۈس جاۋاب،
سوئال بولۇپ ئۇنۇپ چىقتى مەن قالدۇرغان ئىز.

مەقسەتسىزلا ئۇۋغا چىققان نادان ئۇۋچىدەك،
پايانى يوق دالالاردا يۈرىمەن مەڭدەپ.
ئاللىبۇرۇن ساڭا ئولجا بولغان تۇرۇقلۇق،
تىمىسقايمەن نېمىگىدۇر مىلتىقىم تەڭلەپ..

سەن توغرۇلۇق خىيال سۈرسەم چىگىش بىر خىتاب،
گاراڭلاشقان ئىدرىكىمنى قىلىۋالار رام.
مەن كەلمەستە بۇ دۇنياغا كېلىپ دىلرەبا،
مېنى ئىزدەش بىلەن ئۆمرۈڭ بولغانمۇ تامام...

1991 ـ يىلى 3 ـ ئاي، ئىلقا

# ۋاقت ئالدىدا

شوخ ئۈنلەپ تۈرىدۇ يۈرەك سائىتى،
ۋاقىتنىڭ كۈيىگە ناخشىمىز تەڭكەش.
زاماننىڭ توختاۋسىز دولقۇنىغا ماس،
ئۈمىدلەر مەۋجىدە ياسايمىز ئۆركەش.

جۇشقۇن بىر تىلەكتىن تۇغۇلغان يولدۇر،
بىز بىلەن ھاياتنى سۆيدۈرگەن ئىخلاس.
شاۋقۇنلۇق مۇقاملار ئىنىكئانىمىز،
ئۆلۈمدۇر روھ ئۈچۈن ئۇخلىماق تىمتاس.

قەبرىلەر ئىچىرقاپ كۈتەر جانلارنى،
ئاززۇنى ھەر مىنۇت پايلايدۇ مامات.
سېكۇنت ئالدىدا تۇرالمىساق دەس،
ۋاقىتنىڭ سوتچىسى قىلار بىزنى مات.

چىقىمىز ئۆزىمىز چېكىدىن ھالقىپ،
ۋاقىتقا سايىدەك ئەگىشىش ھەسرەت.
ھاياتقا تەبەسسۇم سۇناقلىق شەرەپ،
نومۇستۇر باغاشلاپ ياشىماق غۇربەت...

1991ـ يىلى 6 ـ ئاي، ئىلقا

# گۈلنەپشە

سەن بىر گۈزەل گۈلنەپشە بەرق ئۇرغان قەلبىمدە،
ئىزلىرىڭغا سوڭدىشىپ ئاتەش سىپەر زەر قۇياش.
بويۇڭ ئەگىپ كۈيچى قۇش ئىزھار قىلسا ئىشقىنى،
ھاياجاندا بۇلۇتلار تۆكەر تىنماي ئاچچىق ياش.

ئاشىق سابا مەست بولۇپ قوغلار ئىپار ھىدىڭنى،
يۇتماق ئۈچۈن بەرگىڭدىن شېرىن ۋىسال شارابى.
تۈندە بىدار يۇلتۇزلار ئوقار لىرىك قەسىدە،
پىراقىڭدا تولۇن ئاي تارتار دوزاخ ئازابى...

يۈرىكىڭدە بىر ئېقىن دولقۇنلايدۇ بەھەيۋەت،
دەريا كەبى سۆيگۈگە بەنت ئەيلەپ دىللارنى.
ئالەمشۇمۇل ئىستەكتە ۋىسال، دەيمەن بىقارار،
ساھىل ئارا مارجاندەك يىپقا تىزىپ يىللارنى...

تىنچلىقىمغا كۈشەندە سېھرىي خىيال سالمىسى،
سەن توغرۇلۇق چۈشلىرىم سۆزلەر گۈزەل رىۋايەت.
قەسەم قىلدىم بىر ساڭا قەسەم مېنىڭ قاتىلىم،
تۈپرىقىغا روھىمنىڭ يىلتىز تارتتى مۇھەببەت...

1991 ـ يىلى 8 ـ ئاي، ئىلقا

# سائەت ئىستىرېلكىسى

ئۆپۆقىقا جۆنىگەن ھالسىز قۇياشنىڭ
كۆز نۇرى كېپەنلەر چىكىلداشلارنى.
ھامانە قىلىدۇ ھاسىغا موھتاج،
ۋاقىتتىن ئاپئاق سىن ئالغان باشلارنى.

زوق بىلەن كۆك قۇچقان ئارمانلار چۈشى،
مۇكچىيەر قونداقتا قوناستىن ئاۋۋال.
سۇبھىگە قانمىغان گۈدەك سۆيگۈنى،
بۆشۈكتىن بوشاتماي ئەپ كېتەر زاۋال.

خورەككە زىتلاشقان تۇيغۇن تەپەككۇر،
سوتلايدۇ كۈندۈزنىڭ كۈشەندىسىنى.
پاش قىلار سائەتنىڭ بۇ نازۇك تىلى،
غەپلەتنىڭ شەرمەندە كۆلەڭگىسىنى...

1991 ـ يىلى 10 ـ ئاي، ئىلقا

# غالىب تىلەكلەر

سەن خىياللار ئۆركىشىگە يايغاندا يەلكەن،
قوقاسلانغان دەريا سۈيى چاچرىتار ئۇچقۇن.
بېلىقلارنىڭ قاسىرىقىدەك پارقىراق ئۈمىد،
چايكىلارنىڭ ناخشىسىغا ئەيلەنمەس تۇتقۇن.

سۇرلۇك بېتون ئابىدىدەك مۇڭلۇق ئىچىرقاپ،
شاماللارنىڭ يۈرىكىگە سالىمەن قۇلاق.
قاردەك ئاپئاق ئىلتىجالار سۆيەر بەرگىمگە،
ئاياز گۈلى ئارمىنىدەك چېچىپ خۇش پۇراق.

قانسىرىغان يۇلغۇن كەبى قىلسا ئىبادەت،
بۇلاق تۇغقان كۆزلىرىڭنىڭ يارقىن ئەينىكى.
ئۆلۈكسىمان تەنهالىقتا يوللاپ ئىستىپا،
گۆر ئىچىدىن قېچىپ چىقار روھىم لەگلىكى.

ئوقۇپ چىقساڭ سويۇۋېلىپ پېشانەمدىكى،
قاقشاللاشقان جان كىتابىم ۋاراقلىرىنى.
ماڭقۇرتلۇق كۇلپىتىدىن بەزگەن چۈشلىرىم،
ئىنكار قىلار سوغۇق لەھەت قۇچاقلىرىنى.

1991 ـ يىلى 12 ـ ئاي، ئىلقا

# بۇرھان چوققىسى

ئەۋلىيالىق سەلتەنەتتە يوقتۇر نىسۋەم،
كۆڭۈل قۇشۇم بۇرھانلىقتىن ئىزدىمەس قونداق.
قەدەملىرىم ئادەملىكتىن دالجىماس زىنھار،
مەۋجۇتلۇقۇم «ئادەملىك!» دەپ كۆتەرگەچ بايراق.

سەندە كۆيگەن ئىبادەتلەر كۆللىرى ئوخشاش،
مەۋھۇملۇقنى ئېتىقادىم قىلمايدۇ تاۋاب.
بۇرھانلىقىڭ تېۋىنىشلار سوغۇق بەختىكە،
ئىلاھىيەت سورىقىدا بېرەلمەس جاۋاب.

سۇنۇق ئۈمىد، غۇبار جانلار ئىلتىجاسىغا،
ئەبەدىيلىك، سوۋغاڭ پەقەت لەھەت سۈكۈتى.
كېپەنلىنەر ئۆزۈڭسىمان قاتقان تۈيغۇدا،
ساڭا مەڭگۈ سادىق ئۈممەت كۆڭۈل بۇركۈتى.

سەجدىسىزمۇ ياشناپ تۇرار ئۈمۈر دەرىخىم،
بۇزماس ھۆكمۈڭ تەقدىر پەسلىم رىسالىسىنى.
قىش جۇدالىق ناخشىسىنى توۋلايدۇ چەكلىك،
باھار چاقار تىمتاسلىقىم پىيالىسىنى!...

1991- يىلى 8 - ئاي، ئىلقا

# ئىسپىيلىك

سەن ناۋادا روھ سۆيۈپ ئۈچۈپ كەتسەك ھاياتتىن،
قايغۇلۇق ئۈچۈن كۆك قەلبى سۆكۈلمەيدۇ بىھۇدە.
بۇلۇتلارنىڭ سەن ئۈچۈن ياش تۆكۈشى ساختىدۇر،
دەريا بەھرى ئېقىشتىن توختاپ قالماس دەقىقە.

خاقان قۇياش ئوخشاشلا كۈلۈپ چىقار ئۈپۈقتىن،
مۇسىبەتتە چۈشۈرمەس بايرىقىنى ئۇ يېرىم.
ئۆز ھۆكمىچە ئۈزايدۇ تىنماس ۋاقىت پەرۋازى،
زېمىن كۆڭلى ھازاڭغا بولماس شۇدەم ھېچ يېرىم.

قۇشلار كۈيى سوغۇلماس ئۆكسۈشلەرگە جور بولۇپ،
مۈزلىمايدۇ ئۈز گۈللەر دىلىدىكى جىلمىيىش.
تاغلار قەددى پۈكۈلمەس، تۇرار مەغرۇر، دەخلىسىز،
ۋۇجۇدىدا يوق ئەسلا ماتەملەرگە تېۋىنىش.

سەن تىنچارسەن بەرھەقكى، لېكىن ھايات تىنچىماس،
سېنىڭ ئۈچۈن مەرسىيە ئوقۇر چەكلىك يۈرەكلەر.
ئىزىڭ ئۆلگەن شۇ پەللە ئەمەس زىنھار نۆل نۇقتا،
بەلكىم ئۇندىن يېپيېڭى يوللار ئۆمرى چىچەكلەر.

1992 ـ يىلى 3 ـ ئاي، ئىلقا

# مېھمان

سەن لەرزان پەر قېقىپ قوندۇڭ ئامرىقىم،
ئازابتىن مۇستەسنا قەلبىم ئەركىگە.
نۇرانە ئىزلىرىڭ سىزدى يارقىن يول،
ئەقىدە گۈلۈمنىڭ يۇمران بەرگىگە.

ئۇزاتتىم كۆكسۈمنىڭ دولقۇنلىشىدا،
سەن ئۇچۇن مېھرگە تويۇنغان سالام.
يۇرىكىم ئىشقىڭغا بولدى پەيۋەندە،
كۆلكەڭدىن شىپالىق تاپتى دىل يارام.

تومۇردا بىر لەھزە تىنغان ناخشىلار،
ئىسمىڭنى رويخەتكە ئالدى تاشقىنلاپ.
كۆز نۇرۇڭ سۈبھىنى يۇيدى پاك ـ پاكىز،
جامالىڭ سەھەرنى بەردى يېڭىلاپ...

مۇھەببەت قۇياشىم كۆلدى نازلىنىپ،
لىرىكاڭ لېۋىمگە تامغاندا لالەم.
سەن قۇردۇڭ پاك سۆيگۈم زېمىنى ئۆزرە،
شېئىرغا مەستانە ئىككىنچى ئالەم...

1993 ـ يىلى 2 ـ ئاي، ئىلقا

# كەلگىن چۈشۈم تەلپۈنگەندە لەيلىقازاقلار

كەلگىن چۈشۈم تەلپۈنگەندە لەيلىقازاقلار،
قۇچاقلىشاي پىلەك ـ پىلەك سىغىنىش ئۆزرە.
پاك ـ بىغۇبار تىلەكلىرىڭ تاقىسۇن بىزەك،
يۈرىكىمدىن پورەكلىگەن ھەر قەترە سۆزگە.

ئاسمىنىمغا ئۇچۇپ كىرگىن يۇلتۇزدەك يارقىن،
زەرباب لىباس كىيگەن زىبا جاناندەك لىۋەن.
سۆيۈشەيلى قايرىپ كېچە چىمىلدىقىنى،
ۋىسال قۇچقان مىسال كۆكتە ھەسەنۇ ـ ھۈسەن.

«مۆلدۈر بۇلاق» تارتىۋالسۇن سۈرىتىمىزنى،
تولۇن ئايدىن ئەنداز ئالغان قاراقلىرىدا.
ئاشىق قۇشلار ناۋاسىدەك قونايلى لەرزان،
قىز لىۋىدەك چېچەكلەرنىڭ زىناقلىرىغا.

قىسسىمىزنى سۆزلەپ بەرسۇن يالپۇز ھىدلىرى،
تېما قىلىپ تاڭلا ئەتە رىۋايەتلەرگە.
تۆرۈلەيلى ئاڭلار ئۇچۇن مۇئەمما بولۇپ،
سەبىي دىللار سۆيۈنگىدەك قىياپەتلەردە...

1993 ـ يىلى 3 ـ ئاي، نىلقا

# سۆيگۈ قۇدرىتى

تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن مۇھەببەت،
سەن گاس ئىدىڭ، مەن ئىدىم ئەما.
ئارىمىزدا سۇرەتتى ھۆكۈم،
يېشىمى يوق چىگىش مۇئەمما.

ئىزىڭ سۆيۈپ چوقۇنۇشلىرىم،
ئىلاھلىققا كۆتۈرگەن سېنى.
ساڭا بولغان بۈيۈك ئېتىقاد،
ئادەملىكتە قالدۇرغان مېنى.

سىزىپ چىقتى مەڭگۈلۈك بىر ئوت،
دىلغا سۆيگۈ خەرىتىسىنى.
ئۇنتۇلدۇردى ئاشىق ـ مەشۇقلۇق،
«ئادەم»، «ئىلاھ» دەرىجىسىنى.

1993 ـ يىلى 5 ـ ئاي، غۇلجا

# ئۈمىد ناخشىسى

كەچكۈزنىڭ يۈرىكى چۆكمەكتە مۇڭغا،
يېقىنلاپ كەلمەكتە خوشلىشىش پەيتى.
كەل دوستۇم، شادىمان ئۆتسۇن بۇ ئاخشام،
ئەڭ گۈزەل بىر چۈشتۇر شېئىرنىڭ كەيپى.

ئۈيقۇنى چۆچۈتۈپ توۋلايلى ناخشا،
تېخىمۇ ئۇلغايسۇن دىلدىكى يالقۇن.
كۈلەيلى، سوغ شامال يېقىمسىز تىلدا،
دىل ئېزىپ مەرسىيە ئوقۇشتىن بۇرۇن.

سەن سۈكۈت قۇچمىغىن، بولما دېلىغۇل،
قايغۇلار ئۆتكۈنچى، كۈلكە ھەم مېھمان.
ياقمىز بىز جەزمەن كۆز يۇماس گۈلخان،
ئالدىراپ بۇلغانماس بىزدىكى ۋىجدان.

سارغىيىپ تۆكۈلگەن خىيال خازىنى،
ئالدانغان تەقدىرگە سۈلغۇن خاتىرە.
ياشاشنى ھەقىقىي چۈشەندى يۈرەك،
بېرەيلى كۆز ياشقا گۈزەل خاتىمە.

«خەير ـ خوش» دېيىشنىڭ ئۆزى بىر ئازاب،
ئۇ زىنھار ئۆلۈمدىن بەرمەيدۇ دېرەك.
مۇزلاپلا قالمىسا تومۇردىكى قان،
پاكلانغان باھاردا ئاچىمىز چېچەك.

1993 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا

# قەلبىمدىكى قوڭغۇراق

ساڭا تەنها تېۋىنغاندا يۈرىكىم،
ئارمانلىرىم چىرمىشىدۇ ۋىسالغا.
چۈغلۈق بولۇپ ئېچىلسەن بەك لېۋەن،
مەن دۇنيادىن سىر ساقلىغان خىيالدا.

لىرىكىغا لىق تولىدۇ ۋۇجۇدۇم،
ئىشقىڭ بىلەن چاچقىنىڭدا خۇش پۇراق.
ناخشىلىرىم بولار تامام غەرق مەست،
كۈي تۆكىدۇ قەلبىمدىكى قوڭغۇراق...

ئايلىنىمەن كۆيۈپ تۇرغان شېئىرغا،
يالقۇن بولۇپ تۇتىشىسەن قېنىمغا.
كەشتىلەيدۇ سۆيۈلمىگەن لەۋلىرىڭ،
گۈل ئىسمىڭنى كۆڭۈل قويۇپ دىلىمغا.

بىز بولىمىز «ئادەم ئاتا» ئارمىنى،
«هاۋا ئانا» چۈشلىرىگە ياققان ئوت.
گەر بىردەملىك بولسىمۇ بۇ قوشۇلۇش،
بېغىشلايدۇ جۇپ يۈرەككە ئۆلمەس قۇت!

1994 ـ يىلى 6 ـ ئاي، غۇلجا

# سۆيگۈ ئەسلىمىسى

بىر مۇھەببەت ئىزدىگەن ئاشۇ خىلۋەت ئورماندا،
گۈزەل پېتى ساقلىنار تۇنجى سۆيۈش جۇملىسى.
بىزگە ۋىجدان تىلىدا ساۋاق بەرگەن بۇلاقلار،
يۈرىكىدىن بۇلدۇقلاپ تۇرار پاكلىق ئۈلگىسى.

تەقدىرىمىز چىگىلگەن يالغۇز ئاياغ پىنھان يول،
سېھىرلەنگەن دەملەرنى بېرەر يارقىن ئىزاھلاپ.
ۋەسلىمىزگە خەيرلىك تىلەپ قالغان تۆتقۇلاق،
تۇرار يېشىل باغرىدا بىر دەستە نۇر قۇچاقلاپ.

ئون سەككىز ياش كۈيىگە تەڭكەش بولغان بۇلاقلار،
يىلىنجىغان روھىمدىن لىرىك ناخشا سورايدۇ.
ئارمىنىمغا مەڭگۈلۈك قانات بەرگەن شوخ كۈيلەر،
ۋۇجۇدۇمنى تىزگىنسىز سېزىملارغا ئورايدۇ.

بىز ھەۋەستە دان بەرگەن بىر جۈپ كەپتەر باچكىسى،
بولۇپ قاپتۇ چىمەندە ئۇيۇر - ئۇيۇر نەۋرىلىك.
ئۇلار تامام ئۇنتۇشقان تاشلاندۇق قوش ئۇۋىسى،
تۇيۇلىدۇ مەن ئۇچۇن كەچمىشلەردەك قەدىرلىك.

قەسىمىمىز قوشۇلغان شۇ قەدىناس ئورمانلىق،
ئېلىپ كېتەر ئىسمىنى چىن مۇھەببەت پەسلىگە،
ئىسمىمىزنى جۈپ قىلىپ ئويغان دەرەخ قوۋزىقى،
ئىنئام قىلار قەلبىمگە خازان بولماس ئەسلىمە...

1995 - يىلى 8 - ئاي، نىلقا

# ئارمانلار گۈل تۈتۈپ چىقار ئالدىمغا

سارىسىم تەمشىلەر يۈتماقتا قاپساپ،
قەسەمگە ئالدانغان رېئاللىقىمنى.
تاقەتسىز ھاياجان دولقۇنغا ئۈندەر،
ماگمىغا ئايلىناي دېگەن قېنىمنى.

ھەسرەت ئۆركىشىگە چۆككەن يۈرىكىم،
ئۈمىددە تور يىرتىپ قاچقان بىلىقتۇر.
پايانسىز دېڭىزغا چىقىش ئارزۇسى،
بىخلىتار قەلبىمدە ئىشەنچ ۋە غۇرۇر.

ياپيېشىل تىلەكتە ھالقىپ تەقدىردىن،
بوغنۇققان روھىمغا ئىزدەيمەن ئارام.
باسالماس چاڭقاش ۋە خۇمارلىرىمنى،
بىخۇدلۇق ۋە ئىشرەت، چېكىملىك ھەم جام.

مەن غەيۇر ئۆزۈمنىڭ يارقىن پارچىسى،
قەدرىمنى پۈتۈنلەش بەك گۈزەل تېما.
ئادەملىك ۋە نۇرنى سۆيگەچكە قەلبىم،
ئارمانلار گۈل تۈتۈپ چىقار ئالدىمغا.

1995 ـ يىلى 10 ـ ئاي، غۇلجا

# مۇھاجىر مۇڭلىرى

ھىماتسىز تەبەسسۇم، پاناھسىز ئارمان،
ھۇۋۇلايدۇ قاچاقچا ئايلانغان خىيال.
كىم ئېيتار سەرسانلىق، غۇربەت ئالدىدا،
قايغۇ ۋە كۆز ياشنى ئەمەس دەپ رىئال.

بىر بۇردا ئۇمىدكە تۆلەپ كۆپ بەدەل،
ئۆلۈملەر كۆزىدىن ئۆتىسەن كۈرمىڭ.
ھەتتاكى تومۇزدا تىترەيسەن غال-غال،
رىزنقلار بەھرىدە قىسقىدۇر تىلىڭ.

قۇياشنى توسۇغان بىنالار ئارا،
نورمىلىق نۇرلارنىڭ تىلەمچىسى سەن.
ئالداشنى بىلمىسەڭ خەقنى قەسەمدە،
كۆز ياشنى زەردابقا قوشۇپ ئىچىسەن.

سارغايغان ئاھاڭغا تەڭكەشتۇر ناخشاڭ،
كۈلكىگە سىغالماي ياشايسەن مىسكىن.
رەستىلەر تونۇماس قاراڭنى سېنىڭ،
مۇزدەك سوغ كوچىلار چىقارغان ئەستىن.

پاراغەت نەپسىدە قەدىرسىز كۈيسەن،
ياشايسەن بەخت ۋە سۆيۈش سىرتىدا.

هۆكمىڭگە بويسۇنماس ئەرك نىسۋەڭ،
ئوخشايسەن ئازابنىڭ خارابىسىغا!...

كۆپىيىپ بارغاچقا ئىملداشلىرىڭ،
ھەتتاكى رىزقىڭنى ئالىسەن تىلەپ.
سەن چاڭقاپ، زارىقىپ كۈتكەن شادلىقنى،
سۆيۈشكە مەجبۇرسەن ئازابقا مىلەپ...

1996 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا

# سۈزۈك تۇيغۇلار

هالقىشىم بەرھەقتۇر ئۆزۈم چېكىدىن،
چەكسىزلىك ئېڭىغا ئىنتىلمەكتە روھ.
بوشلۇقتىن يارالمىش ئىزدەر پەرۋازىم،
توپاندا يېشىل نۇر ئىزدىگەندەك نوھ.

ئۈمىدنىڭ يېگانە روبىنزونىمەن،
ھاياتنىڭ دولقۇنلۇق دېڭىزى ئارا.
غالىبلىق ئارمىنى سەپەردىشىمدۇر،
ياشايمەن گۇمراھلىق كۆيى سىرتىدا.

ساراسىم، تەشۋىشلەر شەكلەن رامكىدۇر،
ئېتىقاد تۇيغۇسى دىلدا مۇستەھكەم.
يېڭىش ۋە يېڭىلىش ئۆتكۈنچى ناخشا،
ئۆلۈملەر ئالدىدا مەغرۇر ئىرادەم.

جىمىغۇرلۇق، سىقىلىش يىلتىزىمغا يات،
ھەسرەتكە ئەل بولماق ئەرلىككە زۇلۇم.
بار مېنىڭ يىقىلماس خاراكتېرىمدا،
كۆك بۆرە قەھرىدەك جەڭگىۋار ئۇدۇم.

دىلكورلۇق ئەقلىمگە ماھىيەت ئەمەس،
سۆيىمەن قەدرىمنى ۋىجدان ھېسىدا.

سۈغۇرۇلۇپ چىققۇم بار ئازاب قېتىدىن،
قالغۇم يوق بەختىنىڭ بوسۇغىسىدا...

كۆكلىتەر قەلبىمنى مۇقەددەس ئىخلاس،
قىلغۇم يوق باراقسان ئۆزلۈكنى قاقشال.
بۇگۈنگە ئاسىيلىق قىلىش بەرباتلىق،
ھاقارەت ئەتىگە سۇنماقمۇ زاۋال.

1996 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا

# مۇساپىر خازان

سەن كەتتىڭ، قۇپقۇرۇق بوپ قالدى ئالەم،
مۇزدەك سوغ خىياللار باستى يۈرەكنى.
بويۇڭغا ئەگىشىپ كەتتى نەۋ باھار،
ئەپ كەتتىڭ كۈلكەمنى، گۈلنى - چېچەكنى.

ئۆزىنىڭ مەيلىچە ئايلىنار پەلەك،
مەن قالدىم ساپسېرىق خىياللار قۇچۇپ.
ھەممە جان جۈپ بۇندا، مەنلا ئارتۇقچە،
مۇساپىر خازاندەك يۈرىمەن ئۇچۇپ.

بىر پارچە يېرىقسىز ئاپئاق قەغەزدەك،
كۆرۈنەر كۆزۈمگە بېزەكسىز ھايات.
قۇلىقىم تۈۋىدە بوزلايدۇ شامال،
ئوقۇيدۇ شىۋاقلار مۇڭلۇق مۇناجات.

سەن كەتكەن يوللارغا تىزلىنىپ ناخشام،
ئىزىڭنى كۆزىگە سۈرىدۇ دەم - دەم.
ئەكسىڭ بار بۇلاقلار چاناقلىرىدىن،
شىركەيپ چۈشلىرىم سورايدۇ زەمزەم.

1996 - يىلى 11- ئاي، غۇلجا

## سەن...

سەن بىر تەنها قۇشسىمان ئارىلايسەن چۇشۇمنى،
شەيدا بولۇپ ئەبەدىي شىپىمت كەتكەن باھارغا.
قىز يېشىدەك لىغىرلاپ كۆتەر ئوتلۇق ئارمىنىم،
يېزىپ بۇيۇك ئىسمىڭنى ئاي تۇنىگەن ئاق قارغا.

تىمتاس ئاياز باغرىدىن گۈلگۈن بىر ئىز ئىزدەيمەن،
يۇمران ـ سەبىي تىلەكنىڭ بولۇپ تەلۋە جارچىسى.
كۆزلىرىڭدەك ياللىراپ ئېقىپ كىرەر ئېڭىمغا،
ئاق دالىدا ئويغانغان كۆر مىڭ يۇلتۇز پارچىسى.

تەشنىكىدە تەقدىرنىڭ ئۆچەك تۇتقان ياشلىقىم،
ئوماق گۈللەر تىلىدا يېشىل ناخشا توۋلايدۇ.
پەنجىرەمگە سۆيۈپ گاھ يالقۇن نەپەس مۇڭلىرىڭ،
گۈل بەرگىدە تۇنىگەن ھىدلىرىمنى ئوۋلايدۇ.

سەن كۆڭلۈمدە ئىقبالدەك غىل ـ پال كۆلۈپ پارلىساڭ،
غەپلەتلەنگەن تۇيغۇمدا بىنەپشە ئوت ياندۇرۇپ.
تومۇرلىرىم بەھرىدە مەستخۇش قانلار دەۋرەيدۇ،
تىرىلدۇ باھارىم لىرىك ـ لىرىك جۇش ئۇرۇپ.

1996 ـ يىلى 12 ـ ئاي، غۇلجا

# يانۋار خاتىرىسى

بۇ ئاخشام ئەڭ سادىق مۇڭدىشىم مېنىڭ،
بويتاقلىق ھىدىغا تويۇنغان ياتاق.
ئۆچەكلەر سىرتىدىن نۇر ئېمەر يۈرەك،
ئۈمىدىم چوكا مۇز كەبى يالتىراق.

مەن روھىي قىشلارنى سۆيمىدىم، يانۋار،
كىم خۇشتار دۇنيادا تىترەپ ياشاشقا؟
مۇدھىشلار ھەسرىتى تۇل قالسا ـ قالسۇن،
«تۇرمۇش» دەپ ئۇرمايمەن گۆھەرنى تاشقا.

قىزچاقلار مەڭزىدەك قىزارغان مەشتىن،
قەلبىمگە ئاقىدۇ يالقۇنلۇق تۇيغۇ.
بەك كۈچەپ تۈۋلايدۇ ھورلانغان ناخشا،
دىل ئەزگۈ تاۋۇشتا چۆگۈندىكى سۇ.

مەن بۈگۈن يازىمەن پەردازسىز شېئىر،
كۆز ياشنى بوياشقا رىغبىتىم يوقتۇر.
يېنىشقا تەمشىلەر شادلىقىم چوغى،
چۈشكۈنلۈك مۇڭىغا غەزىپىم ئوقتۇر!...

ئۆزگىدىن چوغ سوراپ يۈرمەيدۇ زىنھار،
قەلبىمگە يالقۇنلۇق سۆيگۈ تەرگەنلەر.

ئۆتىدۇ ئاياز رەڭ قىسمەتنى سۆيۈپ،
ئازابقا ئۆزىنى تۇتۇپ بەرگەنلەر.

ئەي يانۋار، مېھمانسەن خۇشال ئۆزىناي،
باھارغا زارىققان تىلەكلىرىم جىق.
ھېلىھەم يېشىلدۇر ئىخلاس دەرىخىم،
ۋۇجۇدۇم گۈللەرنىڭ ئارمىنىغا لىق!...

1997 ـ يىلى 1 ـ ئاي، غۇلجا

# قەدىر كېچىسى

قەدرىمنى ئىزدىدىم قەدىر كېچىسى،
تەبەسسۇم سورايدۇ دەردلەنگەن ناۋا.
يۇلتۇزلار يالتىراق ئۈزۈك كۆزىدۇر،
ئاي ئوخشار بىر تىلىم تاۋۇزغا گويا.

ئىيۇننىڭ ئېرىنچەك ئاتەش شامىلى،
تومۇزغا كۈيىنى ئەپ كىرەر دىلغا.
خىياللار چوقچىلاپ ئارمان چوغىنى،
جىمىغۇر تۈيغۇمنى كەلتۈرەر تىلغا.

ئۈمىدىم جۇلالار مايقوڭغۇزىدەك،
تۆككەنچە يۇلتۇزلار جىلۋىسىدەك نۇر.
شادلىق ۋە خۇرسىنىش كېسىشكەن جايدا،
قەد كېرىپ تۇرىدۇ مەن سۆيگەن غۇرۇر.

بەختىنىڭ ئۆيىگە سىغىش بەكلا تەس،
ئامەتكە تەقلىد قىپ ياشاشمۇ قىيىن.
بەختتەك سۆيۈملۈك يوقالغان قەدىر،
قەدىرسىز ناخشىنىڭ نەرقى بىر تىيىن.

سالىمەن كېچىنىڭ يۈرىكىگە قول،
ياقماقچۈن مۈگدىگەن ئېڭىغا چىراق.

ئىزاھلار نۇسرىتىم يېشىلىلىقىنى،
روھىمنى قاپلىغان سانسىز تۈتقۇلاق.

مەن بىلەن نەپەسداش بولغۇسى باردەك،
قۇندۇزدەك چىچىنى يايىدۇ كېچە.
ئۇ بىلمەس، قەلبىمدە بار بىر يارقىن يول،
تۇتىشار ئەڭ سۈزۈك كۈندۈزلەرگىچە...

1997 ـ يىلى 7 ـ ئاي، غۇلجا

# يارقىن بىر سۈبھىگە ئۇزاتقىن غۇلجام

پىچىرلار قۇلاقفا ئاياز شاملى،
قار ئۇچار، ئۇچىدۇ خىياللىرىم ھەم.
مەن گويا باھارنىڭ قالدۇق كۆيۈكى،
ئىللىق بىر تىنىقتا تاشلايمەن قەدەم.

بىپايان دالالار، مۈگدىمەس تاغلار،
كىيىنگەن سۈت رەڭلىك ئۇيقۇ كىيىمى.
ئۇلگۈرگەن قىش چاغدا تىزىپ بۇرۇتقا،
ھازىرلاپ بەك نەپىس قىرو گىرىمى...

مۇزلىغان پەسلىنىڭ سىدام باغرىغا،
ئىزلىرىم چەكمەكتە يالقۇنلۇق يازمىش.
گۈل چىشلەپ ئۇچىدۇ ساماۋى چۈشۈم،
گەر پايلاپ تۇرسىمۇ كۈلكەمنى مۇدھىش.

گۈزەل بىر ئازابتىن شېئىر پۈتىمەن،
تەبەسسۇم ناخشامنىڭ ئىنىكئانىسى.
چۈچۈمەل لىرىكام ئوخشايدۇ ساڭا،
شەپەققە چىلانغان ئىلى ئالمىسى.

يارقىن بىر سۈبھىگە ئۇزاتقىن غۇلجام،
گۆرىستان دىللاردىن ئىزدىمەسمەن يول.

تاپانلار ئاستىدىن نۇر تىلەش نومۇس،
كۆلپەتتۇر، زۇلمەتكە تەڭلىمەك قوش قول.

ئەي مۇزلۇق تەشۈشلەر خەير - خوش! ساڭا،
يانۇارنىڭ بىغۇبار يۈرىكى خۇش قال.
ھەسرەتلەر ئەمەستۇر ئاخىرقى بېكەت،
تىكلەيمەن تەقدىرگە كۆلكەمدە بالبال...

1997 - يىلى 2 - ئاي، غۇلجا

# قۇش پېيىغا يېزىلغان ناخشا

قۇش پېيىغا يېزىلغان ناخشا،
پەرۋازلارنىڭ ئەركە بالىسى.
ئاڭا بۈزرۈك ۋەتەندۇر ئاسمان،
يوقتۇر ئۇندا ئۆلۈم سايىسى.

چۈشەكىسە قەپەسنى گەر ئۇ،
تەبەسسۇمى تۆكىدۇ غازاڭ.
ئۇندا سۇلغان ئارماندۇر ئۇچۇش،
يۈگەنلەنگەن دۇلدۇل روھ ۋە ئاڭ.

ئۇندا قىسقا ئۆمرى يوللارنىڭ،
مەھرۇملۇق ۋە ئازاب پايانسىز.
مېۋە بەرمەس ئەرك دەرىخى،
تارتالمايدۇ مۇھەببەت يىلتىز.

قۇش پېيىغا يېزىلغان ناخشا،
كۈتمەس مەھكۇم تىلەكلەردىن قۇد.
قالماس ئۇچۇن بەخت سىرتىدا،
بوشلۇقلاردىن ئىزدەر تەۋەللۇت...

1997_ يىلى 5 _ ئاي، غۇلجا

# ئاي تۇنەپ قالدۇ ئىلدا بۇ كەچ

ئاي تۇنەپ قالدۇ ئىلدا بۇ كەچ،
لال بولۇپ جەننەتتەك يايلاقلىرىغا.
ناۋاترەڭ چوققىلار تارتار مەيلىنى،
دىل بېرەر ئاھۇ كۆز بۇلاقلىرىغا.

ئۇ ھىدلار ئالمىزار باغلاردىن ئىپار،
باش قويۇپ ئانا يەر ئېتەكلىرىگە.
سۇپسۈزۈك نۇرلىرى تارتار ئوق يىلتىز.
دېھقاننىڭ غۇبارسىز ئىستەكلىرىگە.

سادىرنىڭ ئارمىنى سىڭگەن ناخشىلار،
مۇگدىمەس ھېسلارغا ئەيلەيدۇ تۇتقۇن.
تەمبۇرنىڭ ئۈنلىشى مەست قىلار مەيسىز،
شوخ بۇلبۇل ناۋاسى يۇتقۇزار يالقۇن.

ھاياتلىق كۆركىدىن شاخلىغان ئۈمىد،
نۇرىستان باغرىغا يايغاندا پىلەك.
مەي باغلاپ پىشىدۇ يېشىل كۈلكىسى،
رەسىدە بولغۇسى روھىدا چېچەك.

گۈل ئىلى سۆيگە چۆمۈلگەن ئەسنا،
دولقۇنلار ئەركىگە يېيىپ چېچىنى.
ئاي قوتانلايدۇ بەك گۈزەل ئارماننى،
زۇمرەتتەك شولىلار يۇيار كېچىنى...

1997 ـ يىلى 7 ـ ئاي، غۇلجا

# تېلېفون لىرىكىسى

بۇ كەچ كۆتۈش ناخشىسىغا سەيياھمەن،
زارىقىشىم سانسىز كۆزگە ئايلانغان.
لاۋا يۇتار ساڭا مەپتۇن خىياللار،
ھىجران پەسلى ئالار شېرىن ئىمتىھان.

تەبەسسۇمۇڭ ئۇچۇپ كىرەر قەلبىمگە،
قۇچاقلايمەن خىيالىمدا ۋەسلىڭنى.
سەزگۈم مېنى مەستخۇشلۇقتا ئالدايدۇ،
ئازاب يەنە ئېلىپ قاچار ئەسلىڭنى.

لىرىك سايراپ گويا بۇلبۇل تىلىدا،
يۈرىكىڭنى ئېلىپ كېلەر تېلېفون.
زىل ئاۋازىڭ چېچەكلىتەر روھىمنى،
دىلدا بىخلار سۆسۈن رەڭلىك بىر يالقۇن.

ئارمانلارنى چىگىپ تۇرار نازۇك سىم،
جۈپ تەن ئارا ئاقار ھېسلار دەرياسى.
بولار تۈيغۇ گۈللىرىمىز شىركەيپ،
سۆيەر روھنى ئارمانلارنىڭ بەرناسى.

1997 ـ يىلى 9 ـ ئاي، قورغاس ـ موخۇر

# سەمەندەر ناخشىسى

سەمەندەرمەن دوزاخنىڭ كۆيلىرىنى كۆل قىلغان،
خىيال شامىم لاۋۇلار غايىسىگە ئۇيۇتقا.
ئەس ناخشامغا يالداما قاسىراقلىرى ئازابنىڭ،
بورانلىرىم بەك كەپسىز يېتىلمەكتە ۋۇجۇددا.

ئەنسىز ھۆۋلاپ جىمىقار خورەكلىرى شەھۋەتنىڭ،
ئىشرەت نازى نۇرۇمنى ناركوزلاشقا بىچارە.
دىلنى باسقان بىخۇدلۇق تاغلىرىغا دەز كېتەر،
مېنىڭ سۈكۈت پىيالەم بولغىنىدا مىڭ پارە...

زۇلمەت ئىتى ئىزىمنى ئېچىرقاشتا پۇرايدۇ،
پەرۋاز تىلەر روھىمدىن قارىغۇسى رەڭلەرنىڭ.
چۈش كەپتىرى سەرساندۇر مېنى يادقا ئالالماي،
رىسالىسى بار مەندە جاراھەتتە «ئەڭ» لەرنىڭ.

موميالىرى جەننەتنىڭ ئەمەس تۇگەل قۇرئەنداز،
ئوق يىلتىزى بەك تېرەن قېرى ھىجران گۈلۈمگە.
يالقۇنۇمغا ۋۇلقانلار زىنھار ياماق بولالماس،
تېۋىنماسمەن چىشىنى بىلەپ تۇرغان ئۆلۈمگە!...

خەير! دەيمەن يۈرەكتىن ئەرۋاھىغا ئازابنىڭ،
ئارمان تېگىم ئەمەستۇر ياش دېڭىزغا تەقدىرداش.
ھەسرەتلەرنىڭ قەرزىگە پايخان بولماس روھنامەم،
ھەر بىر تامچە كۆلكەمدىن تۇغۇلىدۇ بىر قۇياش.

1998 ـ يىلى 2 ـ ئاي، غۇلجا

# لەگلەكچى بالا

سەن قەۋەت ھېرىسمەن كۆككە پەرۋازغا،
ساماۋى ئويۇڭغا ئىزدەيسەن بوشلۇق.
گىرىمسەن چۈشلەرنىڭ ئۇۋىسى قەلبىڭ،
كۈتىسەن چۈشەكسىز ئاڭلاردىن خۇشلۇق.

يۈگەنسىز تۇيغۇڭغا شاھتۇر باللىق،
ئويۇڭدا بىر سەبىي بالىدۇر دۇنيا.
ئويۇنچۇق تۇيۇلار جىمى مەۋجۇدات،
بىر قىزىق ئويۇندۇر ئۆلۈممۇ ھەتتا.

ھەممىگە قادىرسەن خىياللىرىڭدا،
ھۆكمۈڭچە ئايلىنار پەلەك گەردىشى.
سانايسەن بەختنى تاتلىق - تۇرۇم دەپ،
چۈچۈمەل ناخشىدۇر كۈلكە، كۆز يېشى...

چىنپۈتسەڭ ئوخشايسەن سەنمۇ لەگلەككە،
ئىرادەڭ سىرتىدا ئۆركەشلەر ھايات.
ئۇچىسەن ۋە بەزەن ئۇچۇرار تەقدىر،
سېنىمۇ ئايماي يېتىلەر مامات.

چۈشەنسەڭ ئۆزۈڭگە ئەركىسەن چەكلىك،
گاھ شاھسەن گاھ ئولجا كېتىدۇ قەدرىڭ.
ئۆزۈڭدىن ھالقىيسەن ئۈمىددە پەقەت،
غايىلەر چېكىگە يېتەلمەس ئەركىڭ...

1998 - يىلى 3 - ئاي قورغاس - موخۇر

# سۈمۈرغ كۈيى

سىڭلىم، ئۆزۈڭ تەنها سۈمۈرغسەن،
ئۈۋاڭ يوقتۇر ھېچبىر يۇرەكتە.
سېنىڭ مەستخۇش ناخشاڭنى تىڭشاپ،
خىيال كىرەر سانسىز چېچەككە.

تەبەسسۇمۇڭ سارغايسا بىۋاق،
مەجنۇن بولار ئەركە شامباللار.
باغاشلايدۇ بىر قۇچاق ھەسرەت،
سەن چىرمىشىپ سىر تۆككەن تاللار.

ياشاڭغىرار شەھلا كۆز بۇلاق،
سەن لەۋ ياقساڭ زۇمرەت سۈيىگە.
ئۇھسىنىشىڭ سۆيگەندە يالقۇن،
ئوت كېتىدۇ بۇلبۇل كۈيىگە.

قۇلۇپلانغان روھىڭ ئالدىدا،
ئىشىك چېكەر تالاي سېغىنىش.
شائىر قىلدى سانسىز يىگىتنى،
سەن قەلبىڭگە يوشۇرغان بېھىش...

گۈزەل ھىجران قىرغاقلىرىدا،
بىر ئازابسەن ماكانسىز قالغان.

مەڭگۈلۈك ئىزدەش

ئوۋچىلىرىڭ كۆرمىگەندۇر ئەمما،
ئوۋلانغىنىڭ تامامەن يالغان.

ئىزلىگىنىڭ ئاپتاپلىق چۆشتۇر،
تىرىك جەننەت سەن كۆتكەن باھار.
ئۇندا سولماس قەدىر گۈللىرى،
ياغماس يېشىل تويغۇلارغا قار...

1998 ـ يىلى 3 ـ ئاي، قورغاس ـ موخۇر

# تۈنگە ئاتاپ

تۈننىڭ قارا تۈيغۈلىرىدىن،
چىققۇچىمەن يېگانە پارلاپ.
سۈبھى ئاچقىن باغرىڭنى كەلدىم،
نۇرسىرىغان ناخشامنى توۋلاپ.

ئازغۇنلۇقنىڭ تۆمۈر تىرنىقى،
روھىناتنى تىلغىدى ئۇزاق.
قۇياش ساڭا ئاسىي يۈرەكتىن،
پاجىئەدۇر ئىزدىمەك دوزاخ.

قاۋار تىنماي كېچە ئىتلىرى،
ماڭا تىلەپ ھالاكەت، ئەلەم.
چېچىكى چاي بولار ھەسەتنىڭ،
پەرۋازىدىن ۋاز كەچسە قەلەم.

ئاقارماقتا شېئىر ئۇپۇقى،
بالقىماقتا بىر پاكىز قۇياش.
شۇملۇق كۆيى ئەمەسمۇ؟ دۇنيا،
يېڭى كارۋان ئارقىدىن قاۋاش.

ئالجىغان تۈن قېرىماقتىسەن،
دېگۈم كېلەر كايىمىغىن چال!
خوراز دېگەن تاڭنى كۈيلەيدۇ،
چال قەلبىڭنى، يېڭى كۈيگە چال!

1998 ـ يىلى 4 ـ ئاي، قورغاس ـ موخۇر

# تەنها دەرەخ

كوچىدىكى يېتىم بالىسەن،
كەچ كۈز كېلىپ تىترىگەن سۆلغۇن.
توزۇماقتا سارغۇچ چۇشلىرىڭ،
جىسمىڭ موھتاج قۇچماققا يالقۇن.

بوران تاغاق سالغان چاچلىرىڭ،
كۆلكەڭ كەبى بارار شالاڭلاپ.
يېلىڭ قالغان ناخشىلىرىڭنى،
دىل يىرتىلار ھەسرەتتە ئاڭلاپ.

شەپەق بايراق چۇشۇرگەن مەزگىل،
مىغىلدايدۇ قەلبىڭدە تەشۇش.
چىلانغانچە كېچە رەڭگىگە،
سۆكۈتۈڭنى قىلىسەن پەرۋىش.

ئۈۋىسىسەن پەرۋاز كۆيىنىڭ،
پەرۋازلاردا يوق ئەمما ئۇۋاڭ.
ئۆچ ئالىدۇ سەندىن كاج قىسمەت،
ئۈزۈلگەندەك دەردتىن زۇۋۇلاڭ؟

مەنمۇ تەنها كۆكلەپ تۇرغۇچى،
بەرباتلىقنىڭ ئويلىرىغا زىت.

ئاۋۇندۇرار يېتىم ناخشامنى،
تەقدىردىشىم ئىللىق بىر ئۈمىد.

سانسىز تەنلەر ئورمىنى ئارا،
روھ قۇشمەن مۇڭلارغا تۇتقۇن.
غېرىبلىقنىڭ سوغۇق بارمىقى،
يۈرىكىمدە چالىدۇ قالۇن.

مەن قېرىتتىم تالاي كۈلپەتنى،
زۇلمىتىمنىڭ چېچى ئاقارغان.
كۆركەم يۇمران قاناتلىرىغا،
تەبەسسۇمۇم ئىزدەيدۇ ئاسمان.

تەنها دەرەخ ناخشاڭنى باشلا،
بولغۇم كېلەر ساڭا قەدىناس.
ۋىجدان سۆيۈپ سازلانغۇچىمەن،
كۆيلىگىنىم باهاررەڭ ئىخلاس.

1998 ـ يىلى 4 ـ ئاي، قورغاس ـ موخۇر

# ئەڭ گۈزەل لىرىكام بولار رەسدە

ئايازنىڭ ئاداققى سۈرى سۈنماقتا،
ھاياتلىق كۈيىگە تۈتىشار يالقۇن.
ئۆچەكتىن چىقماقتا پەرۋاز ناخشىسى،
مايسىرەڭ ئارماندا سالغانچە شاۋقۇن.

يالتىراق بىر ئۈمىد قۇياش تۇغماقتا،
سۈنماقتا دىلدىكى سۈكۈنات مۇزى.
سىن بىرىپ تەبەسسۇم يېشىللىقىغا،
روھىمدا بىخ سۈرەر باھار يالپۇزى.

ئېقىنلار يۈرىكى كىرمەكتە تىلغا،
ھېسلىرىم ئاقىدۇ سۈزۈك نۇر چايقاپ.
ئەڭ گۈزەل لىرىكام بولار رەسىدە،
قىزىلگۈل لېۋىدىن يۇتقاندەك شاراپ.

ئىشتىياق چېچەكلەر نورۇزنى ھىدلاپ،
تۈيغۇلار پاكلىنار ئوغۇزغا رەڭداش.
قەددىنى رۇسلىسا بۇزرۇك تاغلىرىم،
ئىشەنچتە بولىمەن ئەرشكە تەڭداش.

شۇ ئەسنا مەن كۆرگەن نۇسرەت چۈشلىرى،
ئايلىنار سۆيۈملۈك رېئاللىقىمغا.
سايرايدۇ چاڭىلداپ ئىلى بۇلبۇلى،
غۇچچىدە گۈللىگەن خىياللىرىمدا.

1998- يىلى 2 - ئاي، قورغاس - موخۇر

# ئانا قەسىدىسى

زەر قۇياش مېھرىدىن تۆرەلگەن ئانام،
ئاپتاپتەك سۆزۈكتۇر ئۇنىڭ يۈرىكى.
نۇسرىتىم، بەختىمگە سىلىنغان يولدۇر،
ئانامنىڭ ئوغۇزدەك ئاپئاق تىلىكى...

قەلبىدە ئۇچۇرما بولىدۇ ناخشام،
پاك روھى ئىزگۈلەر ئۇيۇتقۇسىدۇر.
كۈلكەمنى شاخلىتار ئۇلۇغ ئەللىيى،
ئۇ باسقان يوللاردىن چېچەكلەيدۇ نۇر.

ئۇ سۆيگۈ، مەۋجۇتلۇق كۈيۈمگە يىلتىز،
ئۇ بېرەر تۇيغۇمغا پاكلىق ۋە زىيا.
ۋاپا ۋە كۆيۈمنىڭ تەمەچلىرىنى،
ئانامنىڭ قەلبىدىن ئىزدەيدۇ دۇنيا.

«ئانا!» دەپ سۆيۈشنى ئىزدىگەن ۋۇجۇد،
«ئانا!» دەپ ھېسلىرىم ياسىغان قاينام.
«ئانا!» دەپ شائىرلىق تاپقان يۈرىكىم،
«ئانا!» دەپ زۇۋانغا كەلگەن لىرىكام.

ئۇ ئۈمىد گۈلۈمنى ئېچىتكەن باھار،
بېغىشلار ئادەملىك قەدرىمگە سۈلكەت.
«ئانا!» دەپ ئىستىقبال قۇچقان ئىزلىرىم،
ئۇ بېرەر رىزقىمغا سارغايماس جەننەت!

1998 ـ يىلى 3 ـ ئاي قورغاس ـ موخۇر

# قىش قىز

يۈرەكتەك لاۋۇلداپ كۆيەر مەشتە ئوت،
كۈيلەيدۇ تالادا مۇلايىم قىش قىز.
قول سوزار ئىشىكىم ئاراشلىرىدىن،
تەڭلەيدۇ سۆيمەككە سۈت رەڭلىك ئېغىز.

ئوغۇز لەۋ، ئىپپەتلىك تىنىقلىرىدا،
چېكەر ئۇ خرۇستال تۈيغۇلارغا گۈل.
مۇھەببەت ئەۋەتكەن رەسسامدۇر، دىلغا
كەشتىلەر تاپتازا بىر روھنى پۈتكۈل.

بىز بىر تەن، بىر روھقا ئايلانغان ۋاقىت،
پەسىللەر يوقىتار مەۋجۇتلۇقۇمنى.
يالىڭاچ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ ئەرك،
ئېتىشتىن ۋاز كېچەر ئەجەل ئوقىنى.

چىرمىشار مۇسبەت ۋە مەنپىي خىياللار،
بىز جىمى رامكىدىن چىقىمىز ھالقىپ.
سىلسىيە چېگرىسى توختايدۇ نۆلدە،
ھەم تېرمومېتىرمۇ قالغۇسى ئالجىپ...

1998 ـ يىلى يانۋار، قورغاس ـ موخۇر

# ئادەملىك تۇغماقتا مېنى قايتىلاپ

چىدامدا ئۆلۈمنى چۆچۈتكۈچىمەن،
نازلىنار ئالدىمدا رەڭگا رەڭ ئازاب.
كۆپ ئۆتتۈم قارا چۈش پىلىسىراتىدىن،
ئۈمىدكە ئېمىلداش ناخشامنى توۋلاپ.

مەن ئۈچۈن ماماتتۇر قەدىر خەجلىمەك،
ئەرلىكىم دارىماس بۇنداق ئويۇنغا.
ۋىجدانىم ئالتۇنغا ئايرىۋاشلاناماس،
زورلىما، بەك ئەرزان ئامەتكە دۇنيا.

قەھرىمنى بىلەيدۇ ساناقسىز دۈئېل،
زۇلمەتلەر چىقىرار ماڭا ئاق بايراق.
كۈلكەمگە ئىشتىھا ساقلىما كۈلپەت،
تەبەسسۇم گۈللىرىم چاچسۇن خۇش پۇراق.

پايانسىز بوشلۇقنى كېنەيدۇ يۈرەك،
چۈشلىرىم پەرۋازغا تېۋىنغان بۈركۈت.
ئارماندا بىخلايدۇ روھىم قانىتى،
تاشلاندۇق كۈيلەرگە جورىما سۈكۈت.

كۈل باھار، زىمىستان قالسۇن ئۇمۇنۇپ،
چېچەكلەر لېۋىدىن يۇتقۇم بار شاراب.
ئەي گۈزەل شېئىرغا ئايلانماقتىمەن،
ئادەملىك تۇغماقتا مېنى قايتىلاپ!...

1998 ـ يىلى 5 ـ ئاي، قورغاس ـ موخۇر

# تەقدىر ئالدىدا يىغلىمايدۇ ئەر

ئىغىر سۈكۈنات ئۇلپەت تۈيغۇمغا،
تەشۋىش ـ روھىمغا چۆكۈۋاتقان تاش.
سوغۇق ئەسلىمەم چوڭقۇرلۇقىدا،
يەتتە تىكەندەك غەمكىن پىلدىرلاپ،
ناخشا ئېيتىدۇ تامچە ـ تامچە ياش.

پېقىر كۆيلەرنىڭ بايۋەتچىسىمەن،
ئازاب نامىمنى يادلايدۇ سۈلغۈن.
چاغلىق مائاشقا ئەگەشكۈچىمەن،
يوقتۇر شەۋكەتلىك نوپۇز كارتۇچكام،
بەخت ئۇرمايدۇ ماڭا تېلېفون.

ئۆسكىلەڭ غەمگە قوشۇپ يۈزدە ـ يۈز،
سېتىپ ئېلىنغان ھەي بىنا ـ ئۆيۈم؛
ئالسامۇ گەر ساڭا بېكىنىپ،
ئامەت پاك ـ پاكىز ئۇنتۇغان بىلەن،
ئىشىك چېكىدۇ قەرز ۋە ئۆسۈم.

يېڭى بىر ئەسىر مېنى كەچۈرمە،
ساڭا تەبەسسۇم بېرەلمىسەم گەر.
يۇدۇپ كىرگۈم يوق باغرىڭغا دەردنى،
ئۆتمۈشۈمگە تەن ئۇششۇق كەچۈرمىش،
تەقدىر ئالدىدا يىغلىمايدۇ ئەر!...

1998 ـ يىلى 8 ـ ئاي، قورغاس ـ موخۇر

# چاقماق ئازابىنىڭ قۇلۇپلىرىنى

سەزدىڭمۇ باھارنىڭ غەمسىز گۈللىرى،
روھىمغا ياغماقتا بۈگۈن سىرلىق قار.
بىلەمسەن، ناخشامنى مەست قىلغان قۇشلار،
مەن كىمنىڭ قەلبىدىن ئىزدەيمەن باھار؟

تۆتقۇلاق ئاچ ئۆزۈڭ جەننىتىگە پال،
گۈزەل بىر ئالدىنىش سەندىن قۇت كۈتۈش.
سىمۋولنىڭ خىيالىي جاڭگىلى ئىچرە،
بولغۇم يوق ئۆلۈمگە ئوۋلانغۇچى قۇش.

چاقماقەن بىل ئازاب قۇلۇپلىرىڭنى،
بۇ يۈرەك تەبەسسۇم كىنىگەن مېھمان.
ئۆزىنىڭ گۆشىنى يەيدۇ ئالجىشتا،
ئىسمىمنى ئېچىرقاپ چاقىرغان ھىجران.

پەرۋازغا ئۇزاتقىن مېھرىبان يوللار،
ھەسرەتنىڭ قىشىدىن ھالقىيمەن مەغرۇر.
يازماقتا ياپيېشىل ئۈمىد نوتىسى،
بەختىمنىڭ بۇ بەرجەس قانىتىغا نۇر.

يىگىتلىك پارلىغان ۋۇجۇدۇم بىلەن،
قۇچاقلاپ سۆيگۈم بار، سەھىرىم خوش كەل.
گۈزەل بىر چۆچەككە ئايلىنار جەزمەن،
مەن ئادەم بولۇشقا تۆلىگەن بەدەل!

1998 ـ يىلى 8 ـ ئاي، قورغاس ـ موخۇر

# گۈزەل تۈنەك

تەنھالىقىم مەخپىيىتىدىن،
يارالماقتا بىر گۈزەل ئايال.
بويتاق تۈيغۇم يەشمەكتە كىيىم،
ئىشىكىمنى چەكمىگىن شامال.

ئەركىنلىككە قايتقان كۆڭلۈم بۇ،
يۇمۇپ تۇرغىن كۆزۈڭنى ئەخلاق.
پارلىماقتا ئەركەكلىك نۇرى،
بۈگۈن كېچە ياقمايمەن چىراق.

ئاۋازىغا دوست تارتىپ تۈنىنىڭ،
كىشنەپ چىقار شاش روھىم ئېتى.
ئەركەكلىكى سېغىنىغان شېئىر،
تۈنەپ قالار دىلدا مەست پېتى...

دېرىزەمگە قونغاندا سۇبھى،
غايىپ بولار ئۇ ساھىبجامال.
سەھەر، چاڭقاق تومۇرلىرىمدا،
دولقۇنلايدۇ مىڭ دەريا خىيال...

1998 - يىلى 8 - ئاي، قورغاس - موخۇر

# ئىخلاس چېچىكى

خىيالىم پايانداز ئاپئاق يولۇڭغا،
سەن كۆلسەڭ چېچەككە پۈركۈنەر تۈيغۇم.
بەختىڭنى سوققاندا ھەسرەت مۆلدۈرى،
چىنلىقتۇر ناخشامنىڭ يىغلىشى يۇم - يۇم.

قەددىڭگە قارا تون ياپقاندا زۇلمەت،
بىر مۈڭلۈق تەمبۇرغا ئايلىنار يۈرەك.
كۆي بىلەن ئەملەيمەن جاراھىتىڭنى،
نالىسى تەڭرىگە يەتكەن بۇلبۇلدەك.

ساق كىرىپ مەست چىقار روھىڭدىن چۈشۈم،
باشلايسەن مەجنۇنلۇق ساھىللىرىغا.
ئىپپەتلىك گۈللەرنىڭ يۈرەك سۆزىدۇر،
لەۋلىرىڭ قەلبىمگە يازغان لىرىكا.

مەن يۈرسەم زاۋالرەڭ ھەسرەت قۇچاقلاپ،
بەختىمگە شام ياقار يارقىن كۆز نۇرۇڭ.
ئۈمىدىم مايسىسى چاڭقاشلىرىغا،
تەسەللى بىغىشلار يېشىل يامغۇرۇڭ...

1998 ـ يىلى 9 ـ ئاي، غۇلجا

# سۆزلەيمەن دولقۇنلار تەلەپپۇزىدا

بۇ غېرىب يۈرىكىم يېگانە ئارال،
بەختىنىڭ ئاغزىدا يادلانماس ئىسمىم.
سۆزلەيمەن دولقۇنلار تەلەپپۇزىدا،
دەھشەتلىك خىرىسقا چېچىلغان رىزقىم.

ئۇپۇق، قۇم دېڭىزى لەۋلەشكەن جايدا،
شاۋقۇنلاپ تۇرىدۇ ئويغاق ئاۋازىم.
بورانلىق دالىلار تۇغقاچقا مېنى،
بوراندەك يېتىلەر مېنىڭ پەرۋازىم...

تولىمۇ چاڭقاقتۇر تۇيغۇم ساھىلى،
تەبەسسۇم تۆكىدۇ روھىمغا يامغۇر.
قەدىرنى كۈيلەيمەن چاڭىلداپ سايراپ،
خىياللار ئەڭ سادىق ۋەتەندىشىمدۇر.

سۇبھىلەر ۋەسلىدىن كۈتكەچكە سۆيۈش،
ياشايمەن زۇلمەتنىڭ ھۆۋلىشىغا زىت.
ئارمانلار دىلكەشتۇر تەنھالىقىمغا،
بېشىمنى سىلايدۇ شېئىر ۋە ئۈمىد.

مەن ئەركەك ناخشامنى چىققاندا توۋلاپ،
كېچىنىڭ ۋۇجۇدى تىترەيدۇ غال ـ غال.
چاك كېتەر غەپلەتنىڭ قەبرە تېشىغا،
ئۆلۈمنى چۆلغايدۇ مۇزدەك سوغ خىيال.

مەڭگۈلۈك ئىزدەش

شادلىقىم ئوينار شوخ ئۇيغۇر ئۇسسۇلى،
قاسراقلار تاشلايدۇ قەدىناس ئازاب.
مەن بىلەن قۇياشنى تالاشقان زاۋال،
ساماندەك سارغىيىپ كەتكۈسى ئۇزاپ.

1998 ـ يىلى 9 ـ ئاي، غۇلجا

# شام قەسىدىسى

غېرىب ياتاق، يۇرەك ئويغاق، روھ ئويغاق،
بەكلا بالدۇر ئۆچۈرۈلگەن لامپۇچكام.
يېلىنجايدۇ ئەڭ ئاداققى ئۈمىددەك،
ئۆزى كۆيۈپ يىلىكىلا قالغان شام.

ياشاڭغىراپ تۇرۇشلىرى ئوخشايدۇ،
ھىجران كاچات سالغان نازۇك بىر قىزغا.
ئۇ مىسالى يېتىۋاتقان بىر قۇياش،
زۇلمەتلەردىن پۈتكەن قارا دېڭىزغا.

دىل ئوتىدەك ئۇلۇغ - ئۇلۇغ بىر يېنىپ،
ئۇ ئاخىرى كۈلۈپ تۇرۇپ يۇمدى كۆز.
سىڭىپ كەتتى ئۆلۈمسىز بىر بوشلۇققا،
قالدۇرماستىن غەمگە رەڭداش بىرمۇ سۆز.

تۇن روھىدىن تىلىمىدى ئۇ نۇسرەت،
چىللىمىدى غايىب قۇتقۇزغۇچى ھەم.
يالقۇنجىتار چۈنكى ئۇنىڭ ئۆمرىنى،
بىزگە دەھشەت سۇر بەرگۈچى جەھەننەم.

ئەزرائىلنىڭ ئىشىكىنى چەكتى ئۇ،
يازدى جۇشقۇن روھ كۈيىنى نۇرانە.

ئىزدىنىگەچ ھاقارەتتىن چىقىش يول،
قىيامەتنى تاللىۋالدى مەردانە.

ئىككى ئالەم كۆيمەك ئۆزى بىر بەخت،
ئوتتىن ۋىسال ئىزدىگۈچى ھەر جانغا.
ھەتتا ئۆلۈم - ھالاكەتمۇ گۈزەلدۇر،
ئېتىقادتا يەتسە گەر كىم ئارمانغا...

1998 - يىلى 12 - ئاي، قورغاس - موخۇر

# قاپقارا نۇر تامچىتار گۇگۇم

قاپقارا نۇر تامچىتار گۇگۇم،
ئۇلاشماقتا تۈيغۇمغا يىغا.
مىسكىن ئەكسىنى قالدۇرغان قۇياش،
كۆزۈمدىكى نىگاتىپىغا.

قىرى كىچە يۆتىلىپ ئاستا،
كارىۋىتىمغا يېقىنلاپ كېلەر.
چۈش دەرىخى شېخىغا قونۇپ،
سايرار ماڭا ئايلانغان كەپتەر.

ئازغۇنلۇقنىڭ جاۋىلداق تىلى،
كۆرسەتمەكتە ئۆلۈمنى بېزەپ.
مەن تۆھمەتلەر ياققان گۇلخاندا،
كۆيۈپ تۇرغان بىر دۆۋە غەزەپ.

تۇن سىزالماي ھەلەك روھىمنى،
زۇلمەتنى مەن قىلمىغاچ دەستۇر.
ئېتىقاد، شېئىر مەنۋى مۇنار،
كۆلكەم ناتىۋان، ئازابىم مەشھۇر.

قىسمەت بىر تال ئاچچىق تاماكا،
ھايات ماڭا تۇتقۇزغان ئوراپ.
كەل تەنھالىق، خۇرسىنىش يېقىن،
دەرد تەمىنى تېتىپ كۆر شوراپ.

1999- يىلى 1 - ئاي، غۇلجا

# تەمبۇر

كۈيلىرىڭگە پەيۋەندە بۇ روھ،
سەن ئۈنلىسەڭ چېچەكلەيدۇ جان.
تۇيغۇلىرىم ئۇزىدۇ يوگەن،
قانلار ياسار تومۇردا قىيان.

ھەقىقەتنىڭ پاكىز تىلىدا،
سەن سۆزلەيسەن ئۇيغۇر قەلبىنى.
تارلىرىڭدا تىرىلەر تارىخ،
پەدىلىرىڭ مۇقام ۋەتىنى..

دەستەڭدىنمۇ ئۇزۇن كەچمىشنى،
ناۋالىرىڭ ئەيلەيدۇ ئىزھار.
تەبەسسۇمۇڭ قىلچە پەردازسىز،
بويىمايسەن ئازابنى زىنھار.

سەن ئەيلىگەن ناۋايىنى مەست،
مەشرەپ سېنى قىلغان دىلغا جا.
چالغان مۇڭلۇق قىسمەتكە نازىم،
ھىدايەتكە يوللاپ ئىلتىجا...

تەلقىنىڭگە يەتكەندە نازىڭ،
لىق تولىدۇ شېئىرغا ئويۇم.
ناخشىلىرىم بولىدۇ قىيام،
سېھرىڭ قىلار دەردنى كۆمپەيكۇم.

تەمبۇر سىنىڭ بىلەن بۇ تەن بىر،
ئارمانلىرىم بەختىڭگە پەيكار.
زىمىستاندا مۇزلىماس كۆلكەم،
مۆڭلىرىمغا بىرىسەن باھار...

1999 ـ يىلى 2 ـ ئاي، غۇلجا

# روھ ئىستىلاسى

لەۋلىرىڭ تېرىدى يۈرىكىمگە گۈل،
روھنىات پەسلىمنى قىلدىڭ ئىستىلا.
ئىچەرمەن كېچىگە قول بەرگىنىم راست،
پىۋىكەش خىيالغا ئەتتىڭ مۇپتىلا.
گىرىمسەن قەلبىڭگە ئەيلىدىم سەپەر،
بولۇپ قال مەڭگۈلۈك ئورىنتام دىلبەر.

لېۋىڭدىن يۇتقىنىم شارابمۇ ۋە يا،
ئاق ئالما سۈيىدە ياسالغان پىۋا.
مەستلىكىم يېشىلمەي تۇرۇپلا يەتتىڭ،
ھايالسىز شوخ پىۋا كۆپۈكىدەكلا.
رومكامنىڭ ئاستىغا چۆكۈۋالدىڭمۇ؟
خىيالىي تۇيغۇمغا مۆكۈۋالدىڭمۇ؟

مەن ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرۈۋاتامدىم،
ئەجەپ ئىش ئاي مايماق كۆرۈنىدىغۇ؟
يۇلتۇزلار سۇدىكى تىللادەك خىرە،
كۆزلىرى بايىلا شەھلا ئىدىغۇ؟
مەست يوللار، يىقىتىپ قويمىغىن مېنى،
سۇۋادان، قۇچاقلاپ سۆيگۈم بار سېنى.

نېرى كەت ھىجراننىڭ كەپسىز قۇشقىچى،
مەن سايراپ بەرمەيمەن يىغلاشقىمۇ ئۇندە.
بۇ كېچە يالغۇز قوي تەشۋىش ئاغىنە،
قەلبىمنى سۆزلىگۈم بار مېنىڭ تۇنگە.
نېمىسچە ئىچەيلى، بوپتۇ كەل ئازاب،
پىۋىغا تۇراي مەن، سەن كەلتۇر كاۋاب...

بىزارمەن دەرد سەندەك سارغىيىشتىن بەك،
يىگىتلىك غۇرۇرۇم كۆز يېشىغا ئۆچ.
ئۇزىتاي ھىجرانىم سېنى مەست پېتى،
كۆچ تەشۋىش، شۇ يىراق ئوربىتاڭغا كۆچ!
ئازابنى يۇيۇۋەت، قالمىسۇن نېسى،
غۇلجامنىڭ كوچىلەنگەن يەرلىك پىۋىسى...

1999 - يىلى ئىيۇل، غۇلجا

# مۇھەببەت سۆزلەيدۇ تىكەنلىرىڭمۇ

قىرىق بىرئۆيى بار قەلب قەسرىڭنىڭ،
ئەڭ تىلسىم رىۋايەت پىنھاندىكىسى.
سەن ھېچبىر چالغۇدا چېلىنمىغان كۈي،
دۇملەكلىك ئىشقىڭنىڭ رومانتىكىسى.

بايرىقى يىقىلماس لاتاپىتىڭنىڭ،
بەخت سەن بەرمىگەن خىيانەتكە قول.
روھ دالاڭ يايلاقتۇر ۋىجدان ئەركىگە،
ئازغۇنلار ئۈچۈن ئۇ، بارسا كەلمەس يول.

مۇھەببەت سۆزلەيدۇ تىكەنلىرىڭمۇ،
قىز گۈللەر ئۆگىنەر خۇلقۇڭدىن تەنناز.
پەزىلەت قويىدۇ خىسلىتىڭگە باش،
گۈزەللىك ئوقۇيدۇ پېشىڭدا ناماز...

يۈرىكى يىغلايدۇ قىرىق ئاتلىقنىڭ،
قىرىق تال چېچىڭدىن قامچا يەر كۆكۈل.
ساداقەت ئېتىغا مىنگەن يىگىتلا،
بەھۇزۇر ئۈزىدۇ لەۋلىرىڭدىن گۈل.

نەپرىتىڭ دوزاختۇر، شەپقىتىڭ بېھىش،
ئىرادەڭ تۆلىتەر رەزىللىك خۇنى.
جەبرىنىڭ قەھرىگە چارمىخلىنىدۇ،
ئەقىدەڭ ئوغرىسى، سۆيگۈڭ ساتقۇنى...

1999 ـ يىلى ئىيۇل، كۆكدالا

# كېچە ربسالىسى

قەلبىڭدە بار زەڭگەر چۈشلەر ۋەتىنى،
سەن سىمۋول ئەمەسسەن دوزاخقا زىنھار.
ئەڭ بۈيۈك سۆيۈشتىن مەھرۇمدۇر سۆزسىز،
ئاق كېچە، ۋەسلىڭنى قىلغانلار ئىنكار.

سېنىڭسىز نۇر قەدرى سۇنۇق ئەينەكتۇر،
قىرقىيدۇ ساڭا ئۆچ روھلارنى قۇرت.
قالىدۇ دەردلەرنىڭ ئەۋرىتى ئوچۇق،
سەن ئوقۇپ تۇرمىساڭ ئىخلاستا دۇرۇت.

ۋىجداندا قەد كەرگەن پاكىز روھىڭغا،
رەزىللەر ئىدىيە ئەخلىتى تۆكەر.
ئەڭ لىللاھ سودىيە سېنىڭ سۈكۈتۈڭ،
ئۇ ساراڭ «چىنلىق» نىڭ جەبرىنى سۆكەر.

بولغۇڭ يوق ئىتلارغا تالانغان كارۋان،
ۋە تۆھمەت خامتالاش قىلغان گۇناھكار.
بولغۇڭ يوق جىنايەت قەبرىستانلىقى،
ۋە شەپەق ئىزدىگەن روھلارغا گۆركار.

بار سېنىڭ شۇ ۋەزمىن خۇرسىنىشىڭدا،
دۇنيانى بىر چۈۋۈپ توقۇش ئارزۇسى.

مەڭگۈلۈك ئىزدەش

قاچالماس كۆزۈڭدىن يۇرەك رەڭلىرى،
سەن ئەسلا ئەمەسسەن ئىدىيە قارىغۇسى...

ئۆلۈمسىز ھەقىقەت سىنىڭ ئاۋازىڭ،
قارا چۈش ئالدىدا ھامان ئويغاقسەن.
پەلسەپەڭ سۆبھىدەم مېھرىگە سىزىك،
بىر سۆزۈك كۆندۈزگە ئىگىز ئاياغسەن...

1999 ـ يىلى ئىيۇل، كۆكدالا

# مېۋىگە كىرمەكتە گۈزەل ئىدىيەم

كېچىنىڭ شېخىدىن چۈشمەكتە ئۈچۈپ،
ساپسېرىق چۈشلەرنىڭ ھالسىز ياپرىقى.
ئاي نۇرى يۈيماقتا ھارسىنغان روھنى،
مەن بۈگۈن تاشلىدىم ئازاب قاسرىقى.

ئۈزىدىم كېچىنىڭ سۈرلۈك قەلبىدىن،
ئەسسالام، ئوغۇز نۇر ئەمگۈزگەن سۈبھى!
ياسىدىم تاشلاندۇق دەردلەرگە قەبرە،
ئېچىلىش ئالدىدا قۇياش چۈمبىلى.

سۆكۈتلەر خوشلاشتى قول سىقىپ ئۇزاق،
قالدى ھەم ئاچچىق مۇڭ دارىغان خىيال.
ئىشەنچتە تىلىدى ماڭا ئايئاق يول،
قەلبىمدىن قانائەت ئىزدىگەن سوئال.

ساناقسىز سەپسەتەم، ھەقىقىتىمنى،
بەك ئادىل تاسقىدىڭ پەيلاسوپ ھايات.
ئۆگەتتىڭ ۋىجداندا ناخشا توۋلاشنى،
ھېكمىتىم سىنىڭدە چىقاردى ساۋات.

رەنجىشىم يوق سەندىن يۈگەنسىز تەقدىر،
ھۆكمۈڭچە يېزىلماس تىراگېدىيەم.
نۇرانە بىر ئۈمىد سۆيمەكتە مېنى،
مېۋىگە كىرمەكتە گۈزەل ئىدىيەم...

1999 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا

# تەبەسسۇم تۆكەر مېنىڭ قۇياشىم

بەخت نازىنىن باتناشلىرىدا،
ئۆزگە يۇرەككە تىزغاندا ئۇۋا.
ياشاڭغىرىماس تۇيغۇم كۆزلىرى،
گۈزەل ئالجىشقا بولۇپ مۇپتىلا.

كېچە سېھىرلىك بارماقلىرىدا،
روھىمنى چالسا مىسكىن ئاھاڭغا.
چىگىپ چىقىدۇ كۆڭۈلچەك ئۈمىد،
خىياللىرىمنى سۇپسۈزۈك تاڭغا.

تۈن ناركوزىدىن يېشىلگەن چۈشۈم،
قەلب دالامغا ياپغاندا يىلتىز.
پەرىشان تۇزار كېچە رۇخسارى،
شېئىرىم تېگەر سۇبھىگە ئېغىز.

تەبەسسۇم تۆكەر مېنىڭ قۇياشىم،
مەن پەلسەپىگە موھتاج بىر كۈندۈز.
ئىدراك پوستىنى تېشەر ئىدىيەم،
تەپەككۇرۇمغا چىقماقتا مۈڭگۈز.

1999 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا

# سېنىڭ ئىسمىڭ ئازابمۇ، بەخت؟

چۈشلىرىمنى ماكان تۇتقان قىز،
ئىشقىڭ تۆكەر دەستە ـ دەستە نۇر.
سۈزۈك تۇيغۇڭ رىشتىلىرىدە،
سەن توقۇيسەن خىيالىمغا تور.

سەن يېگانە ئايال پادىشاھ،
قەلبىمدىكى ساماۋىي ئەلگە.
ۋەسلىڭ گۈزەل رومانتىكامدا،
قۇملۇقتىكى ئېزىتقۇ قەلئە.

سېنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقۇڭدىن،
كېلەر مەستخۇش نەيىنىڭ ئاۋازى.
ئوماق لېۋىڭ پورەكلىشىدە،
بار سۆيۈملۈك گۈللەرنىڭ نازى.

نۇرسىرىسام كېچە روھىدىن،
دېرەكلەيمەن «تولۇن ئايىم» دەپ.
بۆلەپ قويۇپ تۈننى ناخشاڭغا،
تاڭ چېھرىدىن چىقىسەن ئۆرلەپ.

خىيالىمدا بىر شەھلا يۇلتۇز،
سەن تاقىغان خرۇستال ئۈزۈك.

مەڭگۈلۈك ئىزدەش

مېنى پەرھاد قىلغان تىلىكىڭ،
ئاي نۇرىدەك سۇزۇكتۇر - سۇزۇك.

ئازاب تاتلىق، ھىجرانمۇ شېرىن،
بولغىنىدا سېنىڭلا ئۇچۇن.
بەخت كۆزى يورۇغاي جەزمەن،
چىن سۆيگۈمىز سۆيۈشكەن شۇ كۈن.

سەرخىلسەن چۆچەكلىرىمنىڭ،
چۈشلىرىمنىڭ گۈزىلىمۇ سەن.
شېئىر تۇغۇپ بېرەر كۆزلىرىڭ،
لىرىكامنىڭ ئېسىلىمۇ سەن.

مۇھەببەتنىڭ قەدىم قەسرىدە،
كۈتۈشلەردىن ياسىدىم تەخت.
ئۇچۇم بولدى سېغىنىشلىرىم،
سېنىڭ ئىسمىڭ ئازابمۇ، بەخت؟

1999 - يىلى 10 - ئاي، غۇلجا

# ئۈرۈمچى

ئۈرۈمچى، روھىمنىڭ خەرىتىسىگە،
يۈرەككە ئوخشىتىپ سىزىلغان شەھەر.
مۇھەببەت تامىدۇ ناخشىلىرىڭدىن،
سەن يېشىل سۆيگۈدىن تۇغۇلغان ئەسەر.

باغرىڭدا دان تۇتقان تەپەككۇر گۈلۈم،
ئانامسەن ئەقلىمنى ئېغىزلاندۇرغان.
سەزگۈمنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىغا،
سەن ئىدىڭ شېئىردا چىراغ ياندۇرغان.

تارتقان چاغ خىيالىم بۇرۇتلىرى خەت،
ئون سەككىز باھارىم قىلغىنىدا ناز.
ئۈرۈمچى، سەن قانات بەرگەن چۈشلىرىم،
يېڭى بىر ئۇپۇققا ئەيلىگەن پەرۋاز.

ئۈرۈمچى، قىز ھېسلار دېرىزىسىنى،
ئىككىمىز تەڭ چەككەن ئىدۇق مەست پېتى.
دۆڭكۆۋرۈك يوللىرى ئۆگەتكەن، كەپسىز
كۈيلەرنىڭ چوغلىرى ئۆچمىدى تېخى...

ئۈرۈمچى، سۆيۈملۈك يۈرەك بېكىتىم،
سېغىنچىم تومۇرى ساڭا تۇتاشتۇر.

ئاي تۇغقان كېچەڭنى ئۇنتۇيالمىدىم،
تاڭلىرىڭ ئاقىدۇ دىلدا چايقاپ نۇر.

ئۈرۈمچى، بەختكە بەك يېقىن شەھەر،
سەن ئەمما كۆز ياشنى قىلمايسەن ئىنكار.
ئەسلەيمەن غۇلجىدا قار كېچىپ يۈرۈپ،
قەلبىمگە ئىسمىڭنى يازغاندا باھار...

1999 - يىلى 10 - ئاي، غۇلجا

# دادا روھى

دادا سېنىڭ قىسمەت زۇۋۇلاڭ،
ئۈزۈلگەنمۇ چىدام قولىدا.
يىللار نەقىش ئويغان ماڭلىيىڭ،
ئوخشار نۇرلۇق سامانيولىغا.

مەزمۇت روھىڭ ئادىمىيلىك ھەم
چىن مېھىردىن تىكلەنگەن مۇنار.
ئاپئاق كۆڭلۈڭ چەكسىز بىر دالا،
ئۇندا نان ۋە ۋىجدان ھىدى بار.

سەن «جۇنۇن» نى ئېيتقانچە سوزۇپ،
ئارمان يۇدۇپ چىقساڭ ئېتىزغا.
نۇر ئېمىدۇ ناخشاڭدىن سەھەر،
ئايلىنىدۇ مايسىلار قىزغا.

ئايدىن نۇسقا ئالغان كەتمەننى،
ئىرادەڭدە ئۇپراتتىڭ تالاي.
شاھ سانىغاچ دېھقانلىقىڭنى،
سەن تەقدىرگە بولمىدىڭ مالاي.

قونغان كەبى بېشىڭغا شەپەق،
خوي ياراشقان دۇخاۋا دوپپاڭ.

## مەڭگۈلۈك ئىزدەش

خىياللىرىڭ تۇتاش بېھىشكە،
كۆكلە دادا، نۇر قۇچاقلاپ ماڭ.

ئالدىڭ ئامەت، غەمدىنمۇ ھوسۇل،
قوڭۇر يەرگە ئۇممىدنى تېرىپ.
كۆلدى بەختىڭ يېشىل مۇھەببەت،
چىققىنىدا زېمىننى يېرىپ.

يۈرەك قېنىڭ سىڭگەن ئالمىلار،
قىزارغاندا ھۆسنىگە تولۇپ.
كەمزۇل يېشىپ چۈشتۈڭ ئۇسسۇلغا،
ئون سەككىزگە قايتقاندەك بولۇپ.

سادىر ماڭغان ئىلى يولىدا،
قالدى سېنىڭ سانسىز كەچمىشىڭ.
سەن ياشىدىڭ تەبەسسۇم ئىزدەپ،
سۆيگۈ تۇغدى ھەتتا كۆز يېشىڭ.

دادا سېنى شېئىرلىرىمدا،
قۇياش قىلىپ سىزىپ چىققۇم بار.
سەن كېلىسەن باھار يېتىلەپ،
چۈشلىرىمنى باسقان چاغدا قار...

1999 ـ يىلى 10 ـ ئاي، غۇلجا

# بۇلبۇلغا سۆز

بۇلبۇل، بۇلبۇل ناۋاكەش دوستۇم،
سۆزلىشەيلى شېئىر تىلىدا.
زىمىستاننى كۆرگۈڭ كېلەمدۇ؟
قىشلاپ قالغۇڭ بارمۇ ئىلىدا؟

كۈلۈپ كېلەر بۇ ۋادىغا كۈز،
ئۈزۈلمەي توي باشلايدۇ ھايات.
دان تۇتىدۇ لىرىكىمىزغا،
ئىشقىمىزغا چىقىدۇ قانات.

گۈزەل بولار قار چېچەكلىرى،
ئۆگىنىسەن قىشتا كۈيلەشنى.
ئوتلۇق چۆچەك ئېيتىپ بېرىمەن،
ئولتۇرغاندا چۆرىدەپ مەشنى.

بۇندا ناخشاڭ يېتىمسىرىماس،
تەڭكەش بولار ھۇجرامدىكى گۈل.
سېنىڭ پاكىز سېغىنىشىڭغا،
ئۆۋا راسلار بۇ ئىللىق كۆڭۈل.

ئۆي ـ ئۆيلەردە ئوينايمىز مەشرەپ،
مەست قىپ ئاياز كېچىلىرىنى.

دۇتار، تەمبۇر، مۇقام ۋە چاقچاق،
ھېس قىلدۇرار ئۇيغۇر مېھرىنى.

ساناپ تۇرۇپ توققۇز چىللىنى،
تاتلىق بۇندا باھارنى كۈتۈش.
قايتىپ كېلەر باللىجانلىرىڭ،
تۇمشۇقىدا چىشلەپ يېشىل چۈش.

تەڭ ئىچىمىز نورۇزدا كۆجە،
تۇنجى كۆككە تېگىسەن ئېغىز.
شائىر قىلىپ قويار سېنىمۇ،
سۈت ئۇيقۇدىن ئويغانغان يىلتىز.

گۈزەل ئۈمىد ئۇرۇقلىرىنى،
تېرىغان چاغ تۇپراققا دېھقان.
قاداق قوللار كۆكلەتكەن سۆيگۈ،
كۆتۈرىدۇ قەلبىڭدە چۇقان.

ئۈمىد سۆيۈپ ياشىغاچقا بىز،
غازاڭ بولماس دىلدىكى گۈلزار.
ئاڭلا بۇلبۇل، قورقمايدۇ قىشتىن،
ساقلىغانلار قەلبىدە باھار...

2000 ـ يىلى يانۋار، غۇلجا

# بۇ يۈرەك نەقىشلىك دۇتار

بىز كۆلكە ــ كۆز ياشنىڭ يارقىن جىلۋىسى،
بىر قەدىم يالداما روھتىكى يارا.
ئەقىلنىڭ سوغۇققان ئىزاھلىرىغا،
ئېرىشتۇق ساناقسىز يوقىتىش ئارا.

بۇ يۈرەك نەقىشلەپ ياسالغان دۇتار.
بەك مۇڭلۇق كۈيلەرگە چالىدۇ ئازاب.
ناخشىمىز سۆزلەيدۇ ئاچچىق چىنلىقنى،
دەردىمىز بەك ئۆزاق ساقلانغان شاراب.

تۈيغۇمىز سورايدۇ جەبىرگە رىتسىپ،
قەدىناس دوست بىزگە مۇڭ رىسالىسى.
خۇشلۇق ۋە ھەقىقەت ئىشىكىڭنى ئاچ،
بولغۇم يوق بەختىنىڭ ئۆگەي بالىسى.

پارلاق بىر ئۈمىدتىن تۇغۇلالمىساق،
ئۆزلۈكنى يالمايدۇ تۈن ئېچىرقىشى.
ۋەسلىدىن مەھرۇمدۇر بىز سۆيگەن باھار،
دىللارنى چەيلەيدۇ ھەسرەتنىڭ قىشى.

چىقمىدىم ھالاكەت پويىزىغا مەن،
شۇ ئەبجەق ئىدىيە رېلىسىدىكى.

پاراللېل چۈنكى بۇ ئەركىمىز بىلەن،
بىز ماڭالايدىغان يوللارنىڭ چېكى.

شوخ ئەركەك ھېسلاردەك چاقنىشىم كېرەك،
رىقابەت ئەۋجىگەن رېئاللىق سەندە.
خورلۇقتۇر كۆز ياشقا بولماق مىراسخور،
ئەمەسمەن مەھرۇملۇق ساڭا بەخشەندە.

سىم ـ سىم نۇر يامغۇرى سەگىتمەكتە ئاڭ،
بىر تۇيغۇن پەلسەپە ئەتمەكتە باغاش.
دەھشەتتۇر دوزاخقا مەسلەكداش بولۇش،
ۋە شەكلەن بەختكە تەقلىد قىپ ياشاش.

2000 ـ يىلى 1 ـ ئاي، غۇلجا

# سىڭلىم ئايتۇرغان

يۈرەكتىن ياش تۆكتى سىڭلىم ئايتۇرغان،
مۇقەددەس قەدرىنى چەيلەپتۇ ھەسرەت.
ئۇچراپتۇ قارا دىل مەسخىرىسىگە،
مۇھەببەت تۇغۇپتۇ ئاچچىق بىر نەپرەت.

قەلبىنى خەجلەپتۇ قەسەمخور يۈرەك،
ئۇ ھىجران چۈشىنى قاپتۇ قۇچاقلاپ.
سوۋۇپتۇ تەبەسسۇم تۇيغۇسى ئۇنىڭ،
جۇپ زەڭگەر كۆزىدە چايقىلار ئازاب.

مەسۇم قىز قەلبىنى يىغلاتقان يىگىت،
دوزاخقا تەبىرداش لەنەتكار ئىسمىڭ،
ۋىجدان ۋە ئەقىدە سودىگىرىسەن،
سۆيگۈنىڭ قاتىلى شەرمەندە جىسمىڭ.

ئۇ ساڭا دىل بەرگەن ۋىجدان كېچىسى،
ئاينىغان قەلبىڭگە ياغدۇرار قارغىش.
مۇھەببەت تونۇماس بۇگۈنكى سېنى،
سەن سۆيگۈ دىنىدىن قوغلانغان دەرۋىش.

ئايتۇرغان، ئاي ساڭا ھەمشىرە سىڭلىم،
بەختىڭنى پۇتۇنلەپ بېرىدۇ ھايات.
يىغلىما، قۇياشسىز قالمىسۇن روھىڭ،
ئىزدىگىن كۆلكەڭگە ئۇمىدتىن قانات...

2000 ـ يىلى 1 ـ ئاي، غۇلجا

# باھار ئەمگۈز مېھرىڭدىن ئۇغۇز

باھار تاتلىق تەبەسسۇمۇڭدا،
يۇيغۇم كېلەر روھىمنى پاكىز.
ئېرىمەكتە دىلدىكى مۇز تاغ،
تومۇرۇمدا ئاقماقتا ئەگىز.

سېنىڭ خۇشبۇي تىنىقلىرىڭغا،
نۇرلۇق رۇجەك ئاچماقتا كۆڭۈل.
سېغىنىشىم بولدى باراقسان،
ساڭا تىزدىم لىرىكامدا گۈل.

ئۇزاق كۈتتۈم ۋەسلىڭنى بۇندا،
ئارمان قۇشۇم بولدى ئۇچۇرما.
ھىجرانىمنىڭ چېچى ئاقاردى،
پىشىپ چىقتىم سانسىز تونۇردا.

ئوتتۇز ئۇچ قىش چوغ يۇتتى ناخشام،
مۇڭلۇق غازاڭ تاشلىدى ھەسرەت.
سالدىم ئازاب يۈرىكىمگە قول،
ئىزلىگەچكە كۆلكەمگە نۇسرەت.

دىل كىشنىدى سايرىدى تىلىم،
قاغجىرىدىم ئوتتۇز ئۇچ كەچ كۆز.

مايسىسىغا ئۈمىدلىرىمنىڭ،
باھار ئەمگۈز مېھرىڭدىن ئوغۇز.

باھار يېشىل سۆيۈشلىرىڭدە،
سىزىپ چىققىن روھىمغا جەننەت.
بەخت مېنى تۇغار قايتىلاپ،
يارىلىدۇ ئەڭ گۈزەل سەنئەت...

2000 ـ يىلى 3 ـ ئاي، غۇلجا

# تەتۈر قوشۇلۇش

جۇپ ئىدى ناخشىمىز، جۇپ ئىدى يۈرەك،
جۇپ ئىدى كۈلكىمىز، جۇپ ئىدى ھىجران.
بىز ئىدۇق قان بىلەن يېزىلغان قەسەم،
جۇپ ئىدى سۆيگۈمىز تېۋىنغان ۋىجدان.

ئېسىمدە شۇ گۈزەل يانۋار كېچىسى،
ئاي خىيال سۈرەتتى سەن كەبى تاتلىق.
قاردەك ئاق خىياللار ئەللەيلىشىدە،
ئىشقىمىز كەپتىرى بولغان قاناتلىق.

ئەڭ شېرىن چۈشلەرگە قىلغانتۇق سەپەر،
تەڭ چەككەن جەننەتنىڭ ئىشىكىنى بىز.
رەسىدە بولغانتى ئون سەككىز باھار،
چەكلەنگەن مېۋىگە تەگكەندە ئېغىز...

سورايمەن خەقلەردىن بەختلىكمۇ ئۇ؟
دېيىشەر: ئازابقا بەردى ئۇ قۇربان.
ئاھ، بىراق قەلبىمدىن سورالسا شۇ سۆز،
ئوت كېتەر يۈرەككە، ئۆكسۈيدۇ ئارمان.

ئايرىلدۇق، سوتلايمەن بەختۋاشلىقىمنى،
ھەققىم يوق دېيىشكە تەقدىر قوشمىدى.

مۇھەببەت، ئاياپسەن بىر قەدەھ شاراب،
چالا مەست قىپ قويدۇڭ، كەيپىم تۇشمىدى...

يول بەك كۆپ بولسىمۇ قىستاڭ شەھەردە،
يولىمىز دۈچ كېلىپ قالار ئارىلاپ.
نەچچە قاپ تاماكا تۈگەيدۇ شۇ كۈن،
قويىسەن ياردار روھنى تاتىلاپ...

بەختىمىز چۈشلىرى قالدى تەبىرسىز،
كۆز ياشتەك تېتىيدۇ بۇ قىرتاق تۇرمۇش.
سۆيگۈسىز يۈرەككە سۆيۈلدۈق ئاخىر،
بۇ نىكاھ بولدى ئاھ، تەتۈر قوشۇلۇش...

2001 ـ يىلى مارت، غۇلجا

# مەن قەرزدار ئانا يوللارغا

مەن قەرزدار ئانا يوللارغا،
ئۇ يۆلىگەن يىقىلسا ناخشام.
دىلغا تۆككەن مېھىر يامغۇرى،
جەبىر يۇدۇپ داۋانلار ئاشسام.

ئازاب ئىتى قاۋىغان مەزگىل،
ئاۋۇندۇرغان بىناۋا تەننى.
ئالغان ئىللىق تەبەسسۇمىدا،
يۈرىكىمگە كىرگەن تىكەننى.

قار باسقاندا روھىم بېغىنى،
مۇزلىغان چاغ تۇيغۇم چېچىكى.
پوكىنىغا باسقان كۆلكەمنى،
ئىنئام قىلىپ باھار تىلىكى.

ئۇمىدىمنى سۆيگەندە قۇياش،
سۇزۇلگەندە بۇلۇتلۇق كۆڭۈل.
يوللار چالغان تۇنجى چاۋاكنى،
يوللار تۇتقان دەستە ـ دەستە گۈل.

مەنزىللەردە ئىمتىھانىم كۆپ،
جاۋاب كۈتەر روھتىن ئادەملىك.

ۋىجدان دەسسەپ ماڭمىسىملا يول،
ھەقىقىتىم تۇرالايدۇ تىك.

روھىيەتنىڭ ئەينىكىدۇر يول،
لىللا دەڭسەر قەدىر نامەمنى.
يوللار كەسكىن رېئالىزىمچى،
ئادىل يازار قەبرىنامەمنى!...

2000 ـ يىلى 5 ـ ئاي، غۇلجا

# شائىر

تۇۋرۇكمدۇر شېئىر روھلارنىڭ،
روھسىرايدۇ شائىرسىز مىللەت.
قۇشلىرى يوق چىمەندۇر كۆڭلى،
ۋىجدانىنى باسىدۇ غەپلەت.

شائىرلىرى يەكۈنلەنگەن ئەلنىڭ،
دىل ناخشىسى قاقمايدۇ قانات.
ئېتىقادى قالار يىلتىزسىز،
نۇر كۆزىدە باقمايدۇ ھايات.

ۋەتەن! دەپلا سوقار يۈرىكى،
ئەل كۈلمىسە كۈلمەيدۇ شائىر.
ئۇ كۆمۈلەر ئەلنىڭ قەلبىگە،
ئەل ئۆلمىسە ئۆلمەيدۇ شائىر.

ئۇ زىمىستان كۆرگەن بۇلبۇلدۇر،
ناخشا ئېيتماس باھارنى ئالداپ.
قوقاس يۇتۇپ ياشايدۇ قەلبى،
ئۇ ئازابتىن ھالقىغان ئازاب.

سۆزلەر دەردنىڭ نىملىكىنى،
يۈرىكىنى چوقۇلاپ تۇرۇپ.
ئۆلۈملەرگە بېرىدۇ تەبىر،
ئۆز تېنىغا ئاۋۋال تىغ ئۇرۇپ...

2000 ـ يىلى ماي، غۇلجا

# ناخشىدىن يارالغان كۈنۈم

ناخشامدىن نۇر ئېمەر غۇلجا ئاخشىمى،
زېمىنغا مۇھەببەت چاچىدۇ ئۇنۇم.
چاقىلداپ سايرايدۇ روھىمنىڭ تىلى،
بۇ مېنىڭ ناخشىدىن يارالغان كۈنۈم.

مۇقامدۇر جىسمىمدا ئېقىۋاتقىنى،
مەرغۇللار يۈرەكتە ياسايدۇ دولقۇن.
كىشنەيدۇ چىن تۇمۇر ئارغىمىقىدەك،
ئاھ، ئىلى دەرياسى ئېيتسام «خانلەيلۇن».

رەڭدار نۇر گۈللىرى تۇتۇپ قولىدا،
دىلبەر كۆز يۇلتۇزلار باقىدۇ مەپتۇن.
قەلبىگە قانداق ئىشق ئۇۋۇلىدىكىن؟
باغرىمغا تاشلانماق بولىدۇ تولۇن.

تەمبۇرۇم دەستىگە قونار دەممۇدەم،
ئابرالدىن سۆيۈنچە ئەپ كەلگەن شامال.
«ئەۋرىشىم» كۈيىگە چىرماشقاندا تار،
ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ گۈللەر، قىرچىن تال.

بۇ ئاخشام بېشىدا كۆتۈردى بەخت،
خۇش كەيپ قىپ قويدۇم جىمى ئازابنى.
غەرق مەست ئۇيقۇغا كەتتى ئۆلۈمۇ،
ئىچىپ كۈي جامىدا سۇنغان شارابنى...

2000 ـ يىلى ئىيۇل، غۇلجا

# پىۋىغا سۆز

دەرد يېشىدەك تېتىيسەن پىۋا،
ئازاب ساڭا رەڭداشمىكىنە؟
قانلىرىمدەك تۇرىسەن قايناپ،
قىسمىتىمىز تەڭداشمىكىنە؟

بوتۇلكىغا سىغقان ئىرادەڭ،
سىغماس زىنهار قەدەھ كۆزىگە.
سىغمىغاندەك ئاساۋ يۈرىكىم،
لۇغەتتىكى «ئەرك» سۆزىگە...

يۈگەن ئۈزەر خۇش كەيپ قەھىر،
كۆپۈكلىرىڭ چېچەكلىشىدە.
سەۋرىسىزمەن سەن كەبى مەنمۇ،
دەردىنىڭ جانىنى ئېكەكلىشىگە.

سۈزۈك كۈلۈپ جىلمايغىنىڭدا،
ئامەتكىلا قالارسەن ئوخشاپ.
يېگىنىمدە تەقدىردىن كاچات،
سەن قويىسەن قارامنى ئوشتوپ...

ئۇيغۇردا يوق شاراب ئىلاھى،
بىز مەستلىكنى سانايمىز هارام.

بەزەن چىقىپ ئازاب سىرتىغا،
بىز ئىزدەيمىز روھلارغا ئارام.

ئازغۇن ھىجران دەشتلىرى ئارا،
يۈرگىنىمدە غايىب ئوقلار يەپ.
سەن سۆزلەيسەن دەردتىن ھالقىشنى،
«ياشنى قاندا يۇيالمايسەن!» دەپ.

ئىسپىرتنىڭ ئەڭ چوڭ ھىيلىسى،
كۆلۈپ تۇرۇپ جانلارنى ئېلىش.
راست، پاجىئە ئازاب يىقىلماي،
نېسىپ بولسا بىزگە يىقىلىش...

مەنغۇ يىراق لەيلەپ يۈرۈشتىن،
قاۋاقلارغا بولۇپ مۇنقەرز.
قەبرىسىنى يۇدۇپ ياشايدۇ،
تۇتمىغانلار ئىشرەتنى پەرھىز...

يىۋا، پەقەت سىرداشقۇملا بار،
يىلتىزىمغا قۇيغۇم يوق سېنى.
سېنىڭسىزمۇ شارابلانغان روھ،
كەيىپ قىلىپ تۇرىدۇ مېنى...

2000 ـ يىلى 7 ـ ئاي، غۇلجا

# سۈزۈك ئىلتىجا

مەن يەنە غېرىبلىق شارابى ئىچتىم،
سىر تۆكۈپ كەچ سائەت ئون بىر يېرىمغا.
مۈزلىغان جىسمىنى ئىللىتماقچىدەك،
قىش ياقار كۆكسىنى خىياللىرىمغا.

ئاق قارغا قانغۇچە يۇمىلىغۇم بار،
ئاق دالا تۈيغۇمدا ئاققۇ پوكىنى.
بەڭۋاش قىز، مەن بۈگۈن ئىچمىسەممۇ مەست،
ئەيىبكار ئەمەس بىل شاراب دۆكىنى.

لىرىكام قەلبىمدە ياسايدۇ دېڭىز،
تىنچىماس ئۇت كەتكەن يۈرەك بۇ ئاخشام.
ئاچ، داغدام چۈشلىرىڭ ئىشىكىنى ئاچ،
دولقۇنلاپ كەلمەكتە شىر كەيپ ناخشام.

يىلتىزى چوڭقۇردۇر سېغىنىشىمنىڭ،
ساقلانغان مەي كەبى ئېچىماقتىمەن.
ئازاب گەر بولساڭمۇ كۆز ياشتەك قىرتاق،
بەك شېرىن چاڭقاشتا ئېتىماقتىمەن.

تەكتىڭگە يەتتىم ھەي ئادەم ئاتىنى،
جەننەتتىن قوغلاتقان ئازغۇنلۇق يولى.
تەققاسسەن، دىلبىرىم ھاۋا ئانىغا،
كەل ئۈزات روھىمغا نەۋباھار قولى.

2000 ـ يىلى 6 ـ ئاي، غۇلجا

# ئوغلۇم ئالبومىغا

تۇغۇلغان كۈنۈڭدە تۇغۇلدى كۈنۈم،
ناخشامنى شاخلاتتى سۈزۈك ئاۋازىڭ.
تىلىدىم سەن ئۈچۈن ئاپتاپلىق ئاسمان،
چۈشەكسىز ئەركىنى قۇچسۇن پەرۋازىڭ.

ماڭ ئوغلۇم سەن سۈبھى ئاققان يول بىلەن،
ئارزۇلار قوشىدۇ سېنى قاتارغا.
تىلەيمەن سۆيگۈدە مەڭگۈ يېشىللىق،
روھىڭنى كۆكلىتىپ تۇرغان باھارغا.

تورت كېسىپ يالغاندىن كىيگۈزمىدىم تاج،
بەختىڭنىڭ شامىنى ئۆچۈرۈش گۇناھ.
بول ئوغلۇم نۇرانە ئۈمىدگە سۇلتان،
بولغۇچە ئۆتكۈنچى ماختاشلارغا شاھ.

2000 ـ يىلى 3 ـ ئاي، غۇلجا

# قەشقەر رومانتىكىسى

ئاق كېچە، ئەڭ گۈزەل تەبىر بېرىپ باق،
مەن يەنە چۈش كۆردۈم باغلانماستا كۆز.
نەزەر سال قەلبىمنىڭ چاڭقاشلىرىغا،
ئوق يىلتىز يايماقتا «قەشقەر» دېگەن سۆز.

بىر ئىللىق بەختتىن كېلەر تېلېفون،
تېلېفونىست، ئېچىپ بەر ئىسسىق لىنىيە.
يەكشەنبە، بايرامسىز ياشاۋاتامسەن؟
غۇلجىنى كۆرمىگەن قۇشۇم يېگانە...

يوللىغىم كەلمىدى ياشلانغان خىيال،
تەبەسسۇم گۈلىدىن راسلىدىم دەستە.
قەشقەرنىڭ مۇبارەك كېچىلىرىگە،
ئوت قويغان يىگىتنى ئالامسەن ئەسكە؟

مۇھەببەت دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقاندا،
ئۈزۈلۈپ كەتمىگەي تېلېفون سىمى.
ھېسلىرىم كۈيلەيدۇ تەمبۇر تىلىدا،
مۇقامدىن ئازماقتا يۈرەك رىتىمى...

ئەقىدە سۆزلەيدۇ ۋىسالسىز ناخشام،
يۈرىكىم قېپقالغان «ھەزرەت» يولىدا.

مەشرەپمەن، داغ ـ ھىجران چۆللىرى ئارا،
ئەمما باش ئۇرغۇم يوق ئاپاق غوجىغا..

يار، قەلبىڭ شوخ ئۇنلەپ كۈتەمدىغاندۇ،
بىز قىيماي ئايرىلغان «تاختا كۆۋرۈك» تە؟!
«جامائە» مەن بارسام قېتىلار بىر سان،
سەندىكى شۇ قىرىق سەككىز تۈۋرۈككە...

بۇلبۇل بىز يات كۆڭۈل قەپىزىدىكى،
سۆيگۈدە ئىزدىگەن ئارمىنىمىز بىر.
تەسەللى بەرگەنچە «مەھبۇس» تەنلەرگە،
ئىككى روھ مۇڭدىشار يېزىشىپ شېئىر...

مەي بولغان ئارمىنىم ئوخشايدۇ گويا،
بەشكېرەم بېغىدا پىشقان ئانارغا.
مەيلى بول قاتىلىم، قەشقەر گۈزىلى،
رازىمەن ئېسىلسام چېچىڭدا دارغا...

سورايمەن جەنۇبنى كۆرگەن باھاردىن،
زىمىستان باسقاندا ھەسرەت تامغىسى.
قەشقەرگە تەلپۈنۈپ كىشنەيدۇ سۆيگۈم،
تىنماي يەپ تۇرساممۇ ھىجران قامچىسى.

2000 ـ يىلى 9 ـ ئاي، قەشقەر

# ئۇيغۇر مۇقامى

ئىلاھىي كۈيلەرنىڭ يالدامىسى سەن،
قەلبىمدە دېڭىزدۇر مۇھەببەت، مېھىر.
ۋۇجۇدۇڭ يىلتىزىم بىخ سۈرگەن تۇپراق،
لەۋزىڭدىن يارىلار قارايماس شېئىر.

سەن يېشىل تەبىرى ئۇيغۇر چۈشىنىڭ،
ھالاكەت كۈيىدىن خالاس ئىرادەڭ.
ئانا سەن، مۇقەددەس روھلار ئانىسى،
ئوغۇزۇڭ بىرىدۇ ۋىجدانىمغا رەڭ.

ئازابنى بۆلەيسەن ئالتۇن بۆشۈككە،
ئەللىيىڭ ئۇخلىتار تەشۋىشنى بەزلەپ.
ھەقىقەت تېڭىغا ھامىلىدار سۆيگۈڭ،
تۇغىسەن قۇياشنى ئاچچىق تولغاق يەپ.

سۆيىمەن ئون ئىككى ئاينى سۆيگەندەك،
سەن بىلەن تەقدىرنى يېڭىدۇ ئۇيغۇر.
سەن بىلەن ھەسرەتنى يۇيىدۇ يۈرەك،
سەن بىلەن زۇلمەتتىن ھالقىيمىز مەغرۇر.

بار جۇشقۇن بىر غايە مەرغۇللىرىڭدا،
ھەر داستان سۆزلەيدۇ ئۆلمەس پەلسەپە.

بوۋىلار ھېكمىتى كۆمۈلگەن ساڭا،
بىر بۈيۈك ئارماندۇر سەنەم، سەلىقە.

سەن جانغا قان بىلەن كىرگەن ئېتىقاد،
بېرىسەن دىللارغا غۇلىماس ئۇدۇم.
ئۆلۈمنى چۆچۈتۈپ ياشايمەن سەندە،
ئازاب ۋە كۆز ياشتىن غالىب ۋۇجۇدۇم.

2000 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا

# باھار قىزى

خورىماس ناخشامنىڭ بۇلاقلىرىدا،
قۇيمەن روھىڭنىڭ يىلتىزىغا سۇ.
قەلبىمنىڭ ئاۋازى كۆكلەيدۇ سەندە،
پورەكلەپ ئېچىلار ئەڭ يارقىن تۇيغۇ.

گۈللەردىن تون كىيگەن باھار قىزى سەن،
ئەقىدەڭ بەختىمنى قىلىدۇ گۈلگۈن.
ھەسرەتنىڭ قارايغان بۇلۇتلىرىنى،
خۇش پۇراق شامىلىڭ ئەيلەيدۇ سۈرگۈن.

زۇلمەتنىڭ ئادەمخور پىلىسىراتىدىن،
مەن تەنھا ھالقىشنى قىلسام ئىختىيار.
ئۈمىدىڭ ئۆگىتەر يۈرەككە پەرۋاز،
قىلىسەن جىلۋەمنى تەبەسسۇمغا يار.

چۈشلىرىڭ كۆكىدە سايرىغان قۇشمەن،
چەكسىز دىل ئاسمىنىڭ ئەركىمگە ۋەتەن.
نۇرانە ئەپسانەم ئېقىنلىرىدا،
بەھۇزۇر ئۈزگۈچى ئادەم بېلىق سەن.

سەن كۆكلەم بەرگەچكە ھېسلىرىم يېشىل،
بەزلەيسەن ياش يۈقى خىياللىرىمنى.
كۆزلىرىڭ بالقىتقان سۆزۈك سۇبھىدە،
يۇيىسەن ئۆتكۈنچى زاۋاللىرىمنى...

2000 ـ يىلى 9 ـ ئاي، غۇلجا

# ئايدە

ئايدە ئاي كەبى تەنها ئايال سەن،
بەخت ۋە سۆيگۈدە يېتىم ئارال سەن.

ئايدە، كەچ كۈزدەك سارغايغان كۆلكەڭ،
سۆزلەيدۇ ھەسرەتنىڭ لىرىكىسىنى.
چالىسەن ناتىۋان يۈرىكىڭ بىلەن،
كۆز ياشىنىڭ ئەڭ غېرىب مۇزىكىسىنى...

ئايدە، ئەپ كەتتى بىمەھەل ئەجەل،
قەلبىڭگە ئەقىدە تېرىغان ئەرنى.
ئەسلىتەر ئاق قالغان روھىڭ دالاسى،
ئات تۇياقلىرىدا تىلغانغان يەرنى.

ئايدە، سۇرىسەن بۇلۇتلۇق خىيال،
ئاي تۇتۇلغان كېچە تۇغۇلغانمىدىڭ؟
بەك بالدۇر ئەمرىگە ئاپتىغۇ ئازاب،
سەن شادلىق ئۆلگەن كۈن تۇل قالغانمىدىڭ؟

ئايدە، ئاي يىغلار بوتا كۆز بالاڭ،
مۇمكىنسىز بەختنى «دادا!» دېگەندە.
قۇياشمۇ ھىجرانىكەش بولۇپ قالىدۇ،
سەن زۇلمەت دىللاردىن قامچا يېگەندە...

ئايىدە، سەن كۆڭگەن ئاچچىق قىسمەتكە،
«دەردى يوق كىشىكلەر» بىرەلمەس تەبىر.
بار سىنىڭ بەختىنى سۆيۈش ھوقۇقۇڭ،
ھېچ يۈرەك قىلالماس سىنى بىقەدىر.

ئايىدە، ئاي يۈيار جاراھىتىڭنى،
سەن ئەسلا كۈلپەتنىڭ قىزى ئەمەس سەن.
ئىسمىڭ بار تەبەسسۇم يوقلىمىسىدا،
ئەمدىلا مېۋىگە كىرگەن ھەۋەس سەن...

ئايىدە، پەرۋىشلە ئۈمىدلىرىڭنى،
مۇھەببەت ئۆلۈمدىن ھالقىغان تىما.
سەن تاتلىق ناخشىغا ئايلانغان پەسىل،
روھ قۇشۇڭ بولىدۇ يەنە ئۇچۇرما...

2000 ـ يىلى 9 ـ ئاي، غۇلجا

# بەخت، ئۇنتۇلغان پۇشتۇڭمەن

قېچىۋەر بەخت قوغلايمەن سېنى،
ئوينايلى شۇنداق مۆكۈ ـ مۆكۈلەك.
ھېچكىمگە تۇتۇق بەرمىدىڭ تېخى،
شەيتانكەرشىمۇ سىرلىق كۆلەڭگەڭ؟

سېنى قەپەسكە قاماش زالىملىق،
ئەرك كۆكىدە بولغىن تەۋەللۇت.
مېھىر ئاپتىپىڭ قالمىسۇن مۇزلاپ،
تەبەسسۇمۇڭنى توسمىسۇن بۇلۇت.

نامىڭ سېتىلار، سېتىلماس قەلبىڭ،
ئوخشايسەن شەنى پاك بىر ئايالغا.
قارغىغۇچىلار قارغىش يۇتىدۇ،
دانىلماس سۆيگۈڭ ئالتۇن خىيالدا..

قۇشى سەن چۇشۇم چاھار بېغىنىڭ،
روھىمنى يۇيار ناخشاڭنىڭ نۇرى.
سەككىز جەننەتنىڭ پەيزىنى بېرەر،
ساڭا تەلپۇنۇپ ياشاش ھۇزۇرى.

ھەقنى سۆزلەيدۇ ۋىجدانىڭ تىلى،
قارغايسەن رىيا ھامىيلىرىنى.

سېنىڭ كۆشەندەڭ قەلبى زۇلمەتلەر،
سوتلايسەن قۇياش ئاسسىلىرىنى.

بەخت، ئۇنتۇلغان پۇشتۇڭمەن سېنىڭ،
كۆز ياش، ئازابنى دېگۈم يوق «ئانا!» .
تەبەسسۇمۇڭدىن كۈتىمەن باھار،
مېنى سۆيگۈڭنىڭ شەيداسى سانا!

2000 ـ يىلى 10 ـ ئاي، غۇلجا

# ئېمىلداش ناخشاڭغا ناخشام

بوز تورغاي ئېمىلداش ناخشاڭغا ناخشام،
يۈرىكىم سايرار شوخ پەرۋاز تىلىدا.
قەپەسكە ئۆگەتكۈم كەلمەس روھىمنى،
ياشىغۇم يوق قەدىر مەھرۇملىقىدا.

بەختتىن كۆز ئاچقان دالا گۈللىرى،
مېنىڭمۇ بەختكە تارتقۇم بار يىلتىز.
باھارنىڭ قېنى بار تومۇرلىرىمدا،
سۈلغۇم يوق قىش دىللار ئارا مەزگىلسىز...

ئۈچرىماس ئەركەكلىك لۈغىتىمدە بىل،
زۇلمەتنى پەردازلاپ ناخشىلار توۋلاش.
ھاقارەت ۋىجدانىم مىزانلىرىغا،
قۇياشنى سۆيگەنلەر گۆرىنى كولاش.

بۇ ئۈمىد قارمىقىم قىلمايدۇ ئارمان،
كۆز ياشلار كۆلىدىن بېلىق تۇتماقنى.
خام خىيال قىلمىغىن قىمارۋاز ئازاب،
ھەسرەتنى دو تىكىپ كۆلكە ئۇتماقنى.

ئىدىيە ئۈۋچىسى بولۇپ قالدىم مەن.
ئەي ئۆلۈم چۈشلىرى ئالدىمغا يۈكۈن،

### مەڭگۈلۈك ئىزدەش

مەھكۇملۇق، قىلىۋال تووۋا ـ ئىستىغپار،
قاپقارا قېنىڭنى تۆكمەن بۇگۇن.

ئۆزلۈكنى ئەركتىن ئىزدىگۈم كېلۇر،
ئاڭلىغىن بوز تورغاي ئاسمان ئەركىسى.
قۇت دېمەك ئەركىكە چارمىخلىنىشمۇ،
بولغۇچە بوغنۇقان تەنىنىڭ سەركىسى...

2000 ـ يىلى 10 ـ ئاي، غۇلجا

# بىر قەلب سىغدۇرار چۆچەكلىرىمنى

ئاخىرقى بېتىگىنى يىرتتىم كالېندار،
دېكابىر كۆزىدە لىققىدە ھىجران.
تەلمۈردۈم قار بولۇپ ياغىدىغاندەك،
قار ياغماس شەھەردە قېپقالغان جانان.

ناخشامنى تىڭشايدۇ ئۇھلانغىنىچە،
تەنھالىق، شېئىر ۋە يانۋار شامىلى.
لەۋلىرى زىمىستان يۈرىكى باھار،
ھۆجرامغا كىرمەكتە بۇ يىلان يىلى...

تېلېفون ئۇلاقلىق يۈرىكىمگىلا،
كۆپ كۈتتۈم يېقىملىق ئاۋاز كەلمەيدۇ.
تېلېفونىست مەن بىلەن قېرىشامدىكىن،
«كەچۈرۈڭ، سىز ئۇرغان نومۇر بوش» دەيدۇ.

تۇرمۇشتىن مۇشت يېگەن ئارمانلىرىمدىن،
شېئىر بوپ تامچىلار مۇڭلۇق بىر تۈيغۇ.
خالىماس دوزاخنىڭ پېشانىسىگە،
مەن كەبى مەجبۇرەن يېزىلىشنى ئۇ!

قىش مېنى ۋاراقلاپ ئوقۇۋاتقاندا،
تىل چىقتى ئۇنتۇلغان ھەسرىتىمگە تىل.

ىنكاھىنىڭ كۆزلىرى ياشاڭغىرىدى،
تېڭىلغان سۆيگۈنى دېسەم ئەزرائىل.

بەخت توشقانىمدۇ كەتتىڭغۇ تاشلاپ،
«خەير، غانجۇغىدا كۆرۈشەيلى!» دەپ.
دىل يارام قەدىرسىز چېچەكلىگەندە،
بەخترەڭ كۈنلەرنى قالىمەن ئەسلەپ.

بۈگۈنمۇ جىق دەردنى چېكىپ تۈگەتتىم،
ئىككى قاپ پاپىرۇس بولدى سىردىشىم.
قار ياغماس يۈرەككە ئەسلەندى بەلكىم،
سوۋۇغان ئاپتاپتەك كۈلۈمسىرىشىم...

مېنىڭ بۇ بىگانە شىۋىرلاشلىرىم،
گويا هاۋانچىدا يانجىلغان ئاۋاز.
روھىمنى تەرجىمە قىلىشقا ھەتتا،
ئاجىزلىق قىلىدۇ لۇغەتلەر، ئاياز...

مەن بەخت ئۆيىگە سىغمىغان بىلەن،
بىر قەلب سىغدۇرار چۆچەكلىرىمنى،
يۈرىكى باهارغا ئېيتىپ بەرگۈم بار،
ھېچكىمگە تىنمىغان تىلەكلىرىمنى!

2000 ـ يىلى 10 ـ ئاي، غۇلجا

# دۇتار

ئۇيغۇر روھى رىسالىسى سەن،
دۇتار، دۇتار تەۋەررۇك دۇتار.
تارلىرىڭغا تۇتاش تومۇرۇم،
كۈيلىرىڭدە يۈرىكىم ئاقار.

ئون تۆت پەدەڭ ئون تۆت تىلسىمات،
چالار قەلب كولدۇرمىسىنى.
ئۇ سۆزلەيدۇ مۇقام يىلتىزى،
ئېيتقان ئۆلمەس، ئۆلمەس قىسسىنى.

تىلغا كىرەر سەن زۇۋان سۈرسەڭ،
توغراقلىرى تەكلىماكاننىڭ.
ۋەسىقەڭدىن تېپىلار دۇتار،
رىۋايىتى قەدىم توپاننىڭ.

دىل يارامنىڭ ئەمچىسى ئۆزۈڭ،
ناۋالىرىڭ شىپالىق يامغۇر.
كۈلدۈرسەن ھەتتا ئازابنى،
سەن بوزلىساڭ بوزلايدۇ ئۇيغۇر...

مېھرىڭدە بار مەڭگۈلۈك باھار،
دۇتار، دۇتار كۈي ئاستانىسى.
ئەمگۈزەرسەن ناخشامغا ئوغۇز،
سەن سۆيگۈمنىڭ ئىنىكئانىسى...

2000 ـ يىلى 11 ـ ئاي، غۇلجا

# قىزلارنىڭ كۆز يېشى

قىز يىغلار، يىغلايدۇ قۇياش كۈلكىسى،
باھارنىڭ قۇشلىرى ناخشىدىن قالغان.
شەھلا كۆز بۇلاقلار ياشاڭغىراپتۇ،
ئۈز گۈللەر رۇخسارى مىسكىن تۇس ئالغان.

مۇھەببەت پەسلىڭنىڭ چېچەكلىرىنى،
ئېيت سىڭلىم ئۇششۇتتى قايسى قىش يۈرەك؟
بىر يالغان قۇياشقا ئالداندىڭمۇ يا،
كىم يازدى قەلبىڭگە دەردلەنگەن چۆچەك؟

يۈرىكىم تۆكمەكتە ھەسرەت يامغۇرى،
سەن ئۇچۇن تىغ يېدى مۇقەددەس ئارمان.
روھىمنىڭ كۆزىگە سانجىلدى تىكەن،
ناخشام ھەم يۇتماقتا لەختە ـ لەختە قان.

مەن ئەسلا يازمايتتىم ئۆلۈمرەڭ شېئىر،
كۆز يېشىڭ ماتەمدار قىلدى قەلەمنى.
يازغىنىم دىلكەشلىك لىرىكىسىدۇر،
بىر سېنى كۈلسۇن، دەپ سۆيدۇم ئەلەمنى!

جان سىڭلىم ئۆكسۇمە قاچاق كۆڭۈلگە،
سەن ھامان بەختكە بولىسەن ياتلىق.

قىز كۆڭلى پىلسىرات كۆۋرۈكى ئەمەس،
ئالدىڭدىن ئۆتىدۇ «قىرىق بىر ئاتلىق»...

قىزلارنىڭ كۆز يېشى قىساس ئوقىدۇر،
غايىبتىن تېگەر ئۇ خائىن ۋىجدانغا.
قۇياشقا قەرزدار قىزنى يىغلاتقان،
چارمىخلانغۇسى ئۇ، قارا ھىجرانغا.

2000 ـ يىلى 11 ـ ئاي، غۇلجا

# كەچلىك ئاپتوبۇس

قىش بوۋاي كەپسەنگۇ تەرىڭنى تۇرۇپ،
بۇگۈن قار ياغماقتا ھەسرەت ئارىلاش.
ئاق دالا، سۆيگۈدە ئوق يېگىنىم راست،
يۈرىمەن ئوۋلانغان ئوۋچىغا ئوخشاش...

بىر تاتلىق ھىجراندا كۆيەر خىيالىم،
ئۆرتەنگەن چۈشلەرگە ۋەتەندۇر يۈرەك.
كەچ كۈزدە بىخ سۈرگەن يۇمران بىر سۆيۈش،
كېچىككەن بەختتەك ئاچماقتا چېچەك.

يار بۇ كەچ خىرامان ئۇخلايدىغانسەن،
ئېرىنچەك كېچىنىڭ تىنىنى قۇچۇپ.
مەن، شېئىر ئىككىمىز ئىزدەيمىز سېنى،
ئۇۋىسى چۇۋۇلغان قۇشلاردەك ئۇچۇپ.

سېغىنىش توشۇيدۇ كەچلىك ئاپتوبۇس،
غۇلجىدا بېكەتكە ئايلاندىم سۇلغۇن.
دىل كۈيۈم ئۇرۇمچى يولىغا قاراپ،
بىر ئەركەك دەريادەك ئۇرىدۇ دولقۇن.

ئىسمىڭنى يازمىدىم قىش ئالبومىغا،
زىمىستان سوغۇق لەۋ تەگكۈزىدۇ دەپ.
مەن ئۇنى كۆڭلۈمگە يېزىۋالمىسام،
ئاھ، مېنى تىرىكلا يۇتقۇسى غەزەپ...

تۈنجى ۋە ئاخىرقى رومانتىكام سەن،
ۋە ئالدىڭ سۆيگۈمنىڭ يۈرىكىدىن جاي.
ئىككىمىز شېئىرغا ئايلانغان كېچە،
مەست بولغان غۇلجىنىڭ ئاسمىنىدا ئاي...

شەيتان قىز، قېيىنكەن قەلبىمىز ياشاش،
ئاتەشلىك قەلبىمنى ئېلىپ كېتىپسەن.
ئىلدا چوغ يۈتۈپ قىشلايدۇ ناخشام،
تۈيغۇمغا بىر يالقۇن سېلىپ كېتىپسەن.

«نوۋىگورت»① كوچىسى بەزلەيدۇ مېنى،
نېمانچە ئازغۇنسەن ئۈرۈمچى چۈشى؟
مۇڭلۇقمەن دەل «كۆچ - كۆچ» ناخشىسى كەبى،
قېينايدۇ تەن ئەمەس روھنىڭ كۆچۈشى...

بىر ئۇلۇغ گۇناھتۇر، بىر ئۇلۇغ بەخت،
سېنى ھەم ئازابنى سۆيۈپ قالغىنىم.
قىزىل كۆز قەسەملەر ھەقىقەتتىدىن،
گۈزەلدۇر ئىشەنگىن مېنىڭ يالغىنىم.

دېكابىر، بىز قەدەھ سوقۇشتۇرايلى،
يىگىتمەن، تۆككۈم يوق يۈرەك يامغۇرى.
بىر يېشىل ئارماندا ياشىماقتىمەن،
ماڭا قان بەرمەكتە باھار تومۇرى.

2000 - يىلى 11 - ئاي، غۇلجا



① نوۋىگورت — غۇلجا كوچىلىرىنىڭ بىرى.

# تەقدىر يىغلاش

بالقىدىم ئۆزلۈكنىڭ ئۇپۇقلىرىدىن،
ئېمىتكىن، ئادەملىك جىلۋەمنى قۇياش.
يۈرىكىم ياردار بۆرىدەك ھۇۋلار،
تەپەككۇر سۈكۈتى سەزمەكتە قاناش،

ئاختۇرۇپ بەختىنىڭ تەبەسسۇمىنى،
كۆپ ئۆتتۇم يىغىنىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن.
روھىمغا جاھانگىر ئازاب تەسلىم بول!
دەست تۇردۇم غاپىللىق بۆشۈكلىرىدىن.

مەھرۇملۇق، ناخشامغا بولمىغىن ساھىب،
ئۇسسۇلغا تارتمىغىن غالجىرلىقىڭدا.
نە قىلسۇن بۇ كۆڭۈل ئىزدىگەن جەننەت،
يوقىتىش ھۆكۈمران داستىخىنىڭدا.

چوڭقۇر بىر زىنداندۇر ئويۇننىڭ تېگى،
قۇرۇماس ئىشرەتخور كۆزىدىكى ياش.
ئۇزاققا سوزۇلغان ئۆلۈۋېلىشتۇر،
ئۆزىنى ئىزدىگەن روھنى ناركوزلاش.

خوش قاۋاق، جاق تويدۇم «خۇش كەتتى»لەردىن،
دۇنياغا باققۇم يوق شاراب كۆزىدە.
خىرۇئىن يوقالغىن، مەن ساڭا گۆركار!
نازلانما قان تامچىپ تۇرغان ئىدىيە.

بولدى بەس! جىق يېدىم ساۋاق ئېشىنى،
پۇشايمەن لۈغىتى قەلب تارىخىم.
ئىرادە تاڭمىغىن ئەي لۈكچەك زۇلمەت،
ئۆزىنى ھەقىقەت سانىمايدۇ كىم!

كىرمەيمەن شەھۋەتنىڭ كوچىلىرىغا،
سېتىلار يۈرەككە راسلانغان قەپەس.
«ۋىجدان» نى سودىگەر قىپ قويغان پۇلنىڭ،
بىر يۈزى پەرىشتە، بىر يۈزى مەرەز...

ئۆلۈمگە بۇيرۇدۇم ئالجىشلىرىمنى،
ئۆزۈمگە شەپقەتسىز سوتچىمەن بۈگۈن.
ھەمىشە ئوشۇقۇڭ ئالچا چۈشمەيدۇ،
توۋا قىل ھاسىغا چۈشۈپ قالغان تۈن!

ئەقلىمنى بىلىدىڭ رەھمەت كۈشەندەم،
گۇناھ بەك قۇۋ ئىكەن، ئازغۇنلۇق زېرەك.
بىر كەسكىن جەڭگاھتۇر تەقدىر يېڭىلاش،
يوللارنى مېڭەمدە مېڭىشىم كېرەك...

2000 ـ يىلى 10 ـ ئاي، غۇلجا

# بەخت ئەمرىمگە ئۆتكەن ئاشۇ كۈن

بەخت ئەمرىمگە ئۆتكەن ئاشۇ كۈن،
ئۇچۇپ كېلەر مۇھەببەت قۇشۇم.
پەرۋازىغا ئېرىشەر بۇ روھ،
تاتلىق ـ تاتلىق كۈلەر تۇرمۇشۇم.

سەھەر قىزدەك لەۋلىرى بىلەن،
ھېسلىرىمنى سۆيەر ئەركىلەپ.
تۇغار سۆزۈك ناخشامنى قۇياش،
ھاياجاندا توققۇز تولغاق يەپ.

ھەسرەتلەردە قىشلىغان چۈشۈم،
ئويغانغۇسى باھار قۇچاقلاپ.
ياش تۆكىدۇ ئۆلۈمنىڭ كۆزى،
ئايىغىمغا يىقىلار ئازاب !...

ئۆزۈپ چىقسا گۈزەل ئەپسانەم،
رېئال جەننەت گىرۋەكلىرىگە.
جانان گۈللەر تەبەسسۇمىدىن،
ناخشا ئاقار يۈرەكلىرىمگە.

ئەرك ئىمزا قويۇپ بەرگۈسى،
شەۋكىتىنى تاپقان كۈيۈمگە.
مېنىڭ ئۈمىد تۈگۈلۈكلىرىمدىن،
شىۋقەدرى چۈشەر ئۆيۈمگە...

2000 ـ يىلى 11 ـ ئاي، غۇلجا

# ئاخشام قۇشلىرى

ئالتۇن كۈز، سېغىنىش تۆكمەكتە خازان،
ئاچچىق مەي قۇيماقتا يۈرەككە كۈتۈش.
مۇزلىغان كېچىنىڭ ئەللەيلىشىدە،
مەن ئويغاق كۆرگۈچى مۇڭ دارىغان چۈش.

بارمۇ سەن؟ مەن كۈتكەن بەخت مۆچىلى،
تاڭدىكى رەڭدار نۇر گۈللىرى ئارا.
ئېتىقاد، سۆيگۈدە گۇمراھلار ئۈچۈن،
بۇ كېچە ئاسىيلار قەلبىدەك قارا.

زۇلمەتنىڭ قېنىغا قەلىمىم چىلاپ،
جاراھەت تىلىدا يازدىم لىرىكا.
تەقدىرداش ئوخشايمىز باغرىڭدىكى داغ،
دەردلەردىن قالغانمۇ؟ ئېيتقىن ئاي ئانا.

قەلبىمنى تىڭشىغىن ئاخشام قۇشلىرى،
بىر قېرى ھەسرەتتۇر مېنىڭ كىملىكىم.
كېچىنى ناركوزلاپ تاشلىدى ناخشام،
ئاھ، بىراق ئازابنى مەست قىلالمىدىم.

خوش! كەچ كۈز راسلىما ئەركىمگە ئۆچەك،
قەپەستە دانلىماس روھىنات قۇشۇم.
سىقىلىش سىرتىدىن ئىزدەيدۇ ئۇپۇق،
قەدىردىن سۆيۈلۈش كۈتكەن تۇرمۇشۇم.

2000 ـ يىلى 11 ـ ئاي، غۇلجا

# مۇھەببەت قۇشۇم

سېنتەبىر، ۋىسالسىز كەلدىڭمۇ يەنە،
ئامانمۇ جەنۇبتا مۇھەببەت قۇشۇم؟
باغچانلاپ پىشتىمۇ ئالتۇن جىگدىلەر؟
بەختكە رەڭداشمۇ ئۇندا كېچىلەر؟
كۆتۈشكە ئايلىنىپ ياشايمەن بۇندا،
غېرىبلىق، سېغىنىش بوپقالدى ئۇدۇم.

سەن گۇۋاھ، بىز ئېيتقان قەدىر ناخشىسى،
سېنتەبىر... كۈندە بىر كۆرۈشەرمىز دەپ.
ئۇ يەنە ئايدىڭنى ياخشى كۆرەمدۇ؟
ئايدىڭدەك سۈپسۈزۈك خىيال سۈرەمدۇ؟
ئانارنىڭ شەربىتى سىڭگەن لېۋىدىن،
تۇرامدۇ چۈچۈمەل سۆيۈش تەپچىرەپ؟

كالېندار ۋاراقلاپ، خىيال ۋاراقلاپ،
ئۈمىدىم كۆزلىرى تېشىلەي دېدى.
پەسىللەر كۆمۈلدى سېغىنىشىمغا،
ئارىلاپ ئاق چېچەك قوندى بېشىمغا،
كەل پۇراي، سېنتەبىر، شامىلىڭدا بار،
يار سەپكەن خۇش پۇراق ئەتىرنىڭ ھىدى...

## مەڭگۈلۈك ئىزدەش

سېنتەبىر، جەنۇبلۇق مۇئەللىمەگە
ئادرېسلىك بار دېگەن ئوتلۇق يۈرەكتە.
تىنمىغىن ئونىنچى سېنتەبىر ئاخشام،
مەي ئىچەي، خىرامان ئويىنىسۇن بايرام.
چىنلىقتۇر ئىقتىدا قىلغىنىم ئەمما
«سېنتەبىر... كۈندەبىر...» دېگەن چۆچەككە.

بەك سۈلغۇن پەسىلدۇر يۈرەك كەچ كۈزى،
يېشىل روھ دەرىخى تۆكمىسۇن خازان،
باھاردەك رەڭ تۈزۈپ ئولتۇرغىنىدا،
تەشۋىش تاش ئاتمىسۇن خىياللىرىغا.
دەز كېتەر ئارزۇيۇم، تەلپۈنۈشۈمگە،
ئەركىگە ئەزرائىل كۆز تىكسە ھامان.

ئامان بول! جەنۇبلۇق مۇئەللىمە سەن،
ھىجرانكەش شائىرلىق كوچىسىدا مەن.
سېنتەبىر دەپ بەردى، ئىسمىمدا تالاي
جۈملىلەر تۈزۈپسەن دەردكە بېرىپ ھاي...
سۆيگۈدە ئوق يېگەن شېئىرلىرىمنى
يېزىۋال، قەلبىڭنىڭ دوسكىسىغا سەن.

قورقىمەن بۇ تەقدىر تارتىپ كەتمىگەي،
سۆيگۈسىز جاھاننىڭ نېمە خۇشلۇقى؟
سېنىڭسىز تېتىيدۇ تەبەسسۇم زەھەر،
جانانسىز بۇ قەلبىم پۇقراسىز شەھەر.
بولىمەن زۇلمەتنىڭ ئاغزىدىكى دان،
شەپەقسىز قالىدۇ روھىم بوشلۇقى!...

2000 ـ يىلى 11 ـ ئاي، غۇلجا

# يارىلاي

مەن يىلتىز ئىزدەشتىن قايتىپ كەلگەندە،
يېرىلدى ئازابىم قاسراقلىرى.
چىرىگەن ئاڭلارنى دەسسەپ ئۆتمەكتە،
زامان پويىزىنىڭ ئۇچقۇر چاقلىرى.

ياتلاشقان ئۆزلۈككە يۈز تۇرانىمەن،
ئەڭ ئاچچىق چىنلىقسەن مېڭىسىز ياشاش.
پۇشۇلداپ ئۇخلىما قەھرىم بۆرىسى،
ئۇيقۇڭنى ئاچمىساڭ سوتلايدۇ قۇياش.

ئەركىمگە تار كەلگەن شەكىلسەن بەرھەق،
دۇئېلغا چىق تېنىم ئېلىشماقچىمەن.
روھىمنى تۇغىدۇ ئۇلۇغ يىمىرىلىش،
يارىلاي ئازغۇنلۇق ئۆلۈمۈڭدە مەن.

ئادەملىك، نۇرۇڭدا يۇيۇنۇۋالاي..
جۇپ كۆزى يورىسۇن ھەقىقىتىمىنىڭ.
ئېچىلسۇن قۇلۇپلاپ تاشلانغان تىلىم،
دىل ناخشام سايىسى ئەمەس ھېچكىمنىڭ.

خوشلىشاي ئازغۇنلۇق مەست بولغىنىڭدا،
تۇيغۇمغا چاپلاشقان مەھكۇملۇق جېنى.
سەن قالغىن شۇم رەزىل كېچىلەر بىلەن،
مۇگدىسەڭ ئۇ ياپسۇن زۇلمەت يوتقىنى...

2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي، غۇلجا

# مەخپىيەت

مۇھەببەت شەپقەتسىز سوتلىغان كۈنۈڭ،
قەلبىمنى قامچىلاپ ئۆتتى بىر غەزەپ.
تۇرۇقلۇق مەن نىكاھ سىرتىمىقىدا ھەي...
كەپتىمەن ھەسرەتنى كۆلكەمدە بېزەپ.

يازغىنىم روھتىكى ياربدار شېئىر،
سىزغىنىم ئوق يېگەن يۈرەك قەغەزگە.
«بەخت» كە تەقلىد قىپ قۇرغان بۇ ئۆيۈم،
بەك ئوخشاپ بارماقتا ئالتۇن قەپەسكە.

بەخت ۋە سۆيگۈدە كېچىككىنىم راست،
ياشايمەن مەن ۋىسال مەھرۇملىقىدا.
دەل «پرومېتۇس» مەن ئوتنى ئوغرىلاپ،
رەنجىرلەپ تاشلانغان ئازاب تېغىغا.

سىر بېرەي مەخپىي تۇت چۈشۈمدىكى قىز،
بۇ نىكاھ بولمىدى نىكاھدەك پارلاق.
كېچىسى ئۇ تەنگە چىرماشقان يىلان،
كۈندۈزى جېنىمغا قادالغان پىچاق.

2000 ـ يىلى 2 ـ ئاي، غۇلجا

# نېگاتىپتىكى قۇياش

قېتىپ قالغان بىر چۈشسەن مۇڭلۇق،
تۇغۇلۇشقا ئىنتىزار ئارمان.
ئازابلىرىڭ تەلەپپۇزىدا،
بىر ھەقىقەت تالىشىدۇ جان.

قاراڭغۇلۇق دېڭىزى ئارا،
تەنھا روھسەن پاناھسىرىغان.
ئۆزۈڭ تۇرۇپ نۇرنىڭ ئانىسى،
قەترە نۇردىن نۇسرەت سورىغان.

قەپەس قۇشى كۈيىگە رەڭداش،
بوغۇچلانغان ناخشاڭنىڭ رەڭگى.
ياشىغاچقا ئەركتىن مەھرۇم،
سەن سانايسەن ئەركنى تەڭرى.

تەڭقىسلىقتا يول ماڭغۇچى سەن،
دەسسەپ تۇرۇپ پىچاق بىسىغا.
بېقىنمايدۇ سۆزۈك ئىدىيەڭ،
ئەمما زۇلمەت ئىرادىسىگە.

دىل ئەزگۈچى مۇزىكا دەردىڭ،
تەشۋىشىڭنىڭ ۋەزنى بەك ئېغىر.

مەڭگۈلۈك ئىزدەش

ئېمزەك سالماس ئاھڭغا بەخت،
سەن ھەسرەتكە ئېملداش تەقدىر.

لۇغىتىڭدە نۇرغا ئايلىنىش،
مەۋجۇتلۇقنىڭ يارقىن مەنىسى.
ھېسابلايسەن كۆيۈپ ئۆلمەكنى،
ئۆلۈملەرنىڭ يۈكسەك پەللىسى.

2001 ـ يىلى 3 ـ ئاي، غۇلجا

# قۇياشقا يۈزلىنىپ تۇغۇلدىم ناخشا

شەپەقنىڭ ئۈيقۇسى كەلدىمىكىنە؟
خوشلاشماي تۇرۇپلا چۇشۇردى بايراق.
لېۋىمگە جىلمىيىپ قوندى بىر ئۈمىد،
ياقماقچى بولغاندەك قەلبىمگە چىراق !...

قانىتى پەرلەندى خىياللىرىمنىڭ،
ئۇپۇقتىن ـ ئۇپۇققا تاشلىدىم نەزەر.
شوخ، ئاساۋ ئىستەكلەر دولقۇنلىشىدا،
كېچىنىڭ روھىغا ئەيلىدىم سەپەر.

سۈكۈتلەر پەرھىزى بۇزۇلدى ئاخىر،
ئاي تاتلىق بىر كۈلۈپ قىلغىنىدا ناز.
ئىلاھىي مەستخۇشلۇق سەزدى لىرىكام،
يۇلتۇزلار يايغاندا يارقىن پاينداز.

مۇقەددەس ئەركتىن تاپتى دىل ئارام،
ھالقىدىم رايىش تەن چېگرىسىدىن مەن.
يۈرىكىم كىشنىدى سوزۇپ بەك سوزۇپ.
بۇ يىگىت ئىرادەم ئۇزگەندە يۇگەن.

ھېس قىلدىم كېچىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى،
كىرگەندە چۇشەكسىز چۇشلەرگە باشلاپ.

قۇياشنى سۆيۈشنى ئۆگەتتى ماڭا،
ۋە دېدى: يۈرمىگىن زۇلمەت ھاپاشلاپ!

كېچىنىڭ مەۋجۇتلۇق پەلسەپەسچە،
گۇمراھلىق سانىلار مېڭىسىز ياشاش.
ئەتىگە ئەقىدە باغلىغانلارنىڭ،
ئىرادە ناخشىسى تۆكمەس قەترە ياش.

تۇن پەقەت دەپىنلەر ئۆلۈمتۈكلەرنى،
ماڭدامدا راسلاقلىق ئۇلارغا بىر دار.
مەن ئەسلا ئەمەسمەن جۇۋاز كالىسى،
بۇ روھنىڭ يۈكسەك بىر ئوربىتىسى بار.

تۇن كۆركى بەختكە ئۇزاتتى مېنى،
بەختنى ھېس قىلىش يېرىم بەختتۇر.
قۇياشقا يۈزلىنىپ تۇۋلىدىم ناخشا،
دولقۇنلاپ ئاقماقتا تومۇرۇمدا نۇر.

2001 ـ يىلى 6 ـ ئاي، غۇلجا

# دۇنيا ھامىلدارسەن ناخشام تېڭىغا

تومۇز بالاغىتىدە قەدىر سىزلەندىم،
قەلبىم دالىسىنى كېزىپ يۈرەر قىش.
دىلكەش مايقوڭغۇزى سۆزلەر مەنتىقە:
گۈزەل بىر ئاسىيلىق ئازابتىن قېچىش.

سەرسان خىياللارنىڭ يولۇچىسى مەن،
ياغار قار ئارىلاش روھىمغا ئۆسەك.
چىدام بازغانلىرىدا سوقۇلغان تۇرۇپ،
چىدىمىدىم كۆلكەم تۆككەندە چېچەك.

ئالۋۇن ناخشىسىنى ئېيتار سەراتان،
ئۆلۈم يۈزتۇرانە ئىككىمىز شۇتاپ.
جەننەت ۋە جەھەننەم پاسىلى ئۆزرە،
زۇلمەت ئەجدىھاسى ياتىدۇ سويلاپ.

سۇبھى يالتىرىغان بەختنى ئىزدەپ،
قەپەس چۈشلىرىدىن چىقمۇاتىمەن.
ئۆتتۈم ساق سەھەرنىڭ يوقلىمىسىدىن،
ئۈمىد تومۇرىدا ئېقىمۋاتىمەن.

بىتىم تۈزمىدىم دەردنامە بىلەن،
سېتىش چوڭ ئازغۇنلۇق ھايات دېگەننى.

سۆرەپ يۈرمەكمۇ ئېغىر جىنايەت،
جان ۋەسۋەسىسىدە ئالجىغان تەننى.

قۇياش ئەقىدەڭگە قەرزدار ئوغلۇڭ،
نومۇس ئايلانماق تۇن قاغدالمىسىغا.
قەلبى گۆرىستانلار ياسايدۇ مەبۇد،
مەن ئۆچ ئېتىقادىنىڭ ياسالمىسىغا.

كەپتەر باچكىسىدەك بۇدرۇق بالامغا،
سۇلغۇن ساداقەتنى مىراس قىلماي دەپ.
تۇرمۇش تونۇرىدا كۆيۈۋاتىمەن،
تۇغار ۋىجدانىمنى چوغلار تولغاق يەپ.

تەقدىر تارازاڭدا تاسقالدىم تالاي،
ئەمما يېپىشمىدىم نەپرەت تېشىغا.
مېھرىم يامغۇر تۆكتى گۇلدۇرمامىسىز،
باھار يۈرەكلەرنىڭ قاغجىرىشىغا.

سۈكۈت رايىشلىقىدا سارغايدىم نەچچە،
تەسكەن، ئادىمىيلىك ئىمتىھانلىرىڭ.
تۈيغۇ ئاپتاپلىرى ئارا دەس تۇردۇم،
يۈرەك ئۇخلىمىدى ئىچرە قان يىرىڭ.

مېنىڭ بۇ ئۆتكۈنچى مۇزلاشلىرىممۇ،
قاسراق تاشلىغۇچى ئاياز ئېڭىغا.
شەپەق يۈرىكىدە تۇخۇملار ئارمان،
دۇنيا، ھامىلىدارسەن ناخشام تېڭىغا.

2001 ـ يىلى 7 ـ ئاي، غۇلجا

# يۇرت ناخشىسى

ناخشىلىرىم يىلتىزى سەن كۆكدالا،
چىلان توپاڭ زۇۋۇلىسى بۇ تەنىنىڭ.
مۇھەببىتىڭ شىۋىسىدە سۆزلەيمەن،
يۈرىكى سەن يۇرەكتىكى ۋەتەنىنىڭ.

شادلىقىڭ ھەم ھەسرىتىڭمۇ قەدىرلىك،
تۈنجى سۆيگەن قىزىمغىلا ئوخشايسەن.
ئېتىزلىرىڭ بېھىش پۇراپ تۇرىدۇ،
مېھرىڭ باھار، دىل قىشىنى قوغلايسەن.

بالىلىقىم لەززىتىگە قايتىمەن،
تاتلىق - تاتلىق ئەسلىمەڭنى ۋاراقلاپ.
خۇرسىنىمەن، بالا ھېسلار ھايالسىز،
كەتكىنىدە توشقان قوغلاپ يىراقلاپ.

مەكتەپلىرىڭ نۇر ئىزدەشنى ئۆگەتكەن،
ھەقىقىتىم بولغان سەندە ساۋاتلىق.
پەرۋازخۇمار خىياللىرىڭ كۆكدالا،
قىلىپ قويغان ئارمىنىمنى قاناتلىق.

ئۇدۇم بىرەر ماڭا ياۋا تېشىڭمۇ،
ئۆگەيلىمەس چاتقاللىرىڭ، تىكىنىڭ.

ئەڭ يېقىملىق مۇزىكىدەك تۇيۇلار،
قوچاق ئاچسام «كەلگىن بالام!» دېگىنىڭ.

ئانا تىلى چىققان سەندە سۆيگۈمنىڭ،
ئون سەككىز ياش چاقماق ئىدىم، چېقىنتىم.
ئاشىقلىقنىڭ كوچىسىدا «ئوق» يېگەن،
ئاشۇ «ساراڭ كېچە» لەرنى سېغىندىم.

دادام كەتمەن بىلەن يازغان تارىخنىڭ،
زەيكەشلىرىڭ تىرىك مۇزېيخانىسى.
ئاچچىق شورغا ياشلىقىنى تېگىشكەن،
كەچمىش يىللار شائىرىڭنىڭ ئانىسى.

«قىزىل قۇم» دا قىز قەلبىدەك سىرلار كۆپ،
بورانلىرىڭ بۇ قەھرىمنى بىلەيدۇ.
«ئاق تېۋەك» نىڭ ئەركەك ـ ئەركەك ئېقىنى،
كۆكلە! دەيدۇ ماڭا رىزىق تىلەيدۇ.

مۇگدەشلەردىن يىراق روھىڭ كۆكدالا،
بۆشۈك ھەتتا قەبرىلىرىڭ ئويغاقتۇر.
ئۈمىدلىرىڭ سېزىك گۈزەل تاڭلارغا،
يەۋاتقىنىڭ بىر مۇقەددەس تولغاقتۇر.

2001 ـ يىلى 8 ـ ئاي، كۆكدالا

# كۆكدالا، قىز كېچە ۋە مەن

يۇلتۇزلار كېنىزەك ئاي مۇنچىسىدا،
قىز كېچە يۇيۇنار ئانىدىن تۇغما.
چاراسلاپ يېرىلار خىيال قوۋزىقى،
سېغىنىش يۈرەككە تىزماقتا ئۇۋا.

كۆكدالا، روھىمغا سۇت بەرگەن ئانام،
مۇڭداشقىن ھىجرانىم يىلتىزى بىلەن.
قەلبىمنى گىرىمسىز سىزىپ چىقاي، دەپ
قەلەمگە ئىچۈردۈم ھەقىقەتنى مەن...

ھېچ يۈرەك تەلتۆكۈس چېلىپ باقمىدى،
ئىلاھىي مۇزىكا ئىدى بۇ تېنىم.
ھەسرەتتەك پاسپورتسىز يۈرگىنىم بىلەن،
شېئىردا بار مېنىڭ ئۇمىد ۋەتىنىم...

شاراب ۋە ئۇنتۇلغان شادلىق ئالدىدا،
قان رەڭلىك كۆلكىنى دەيمەن كۈھىقاپ.
ھېچنەرسە ئازابدەك سۆزلىمەيدۇ چىن!
ئاڭلىغىن ئىككىنچى ناخشامدۇر ئازاب.

سۆزۈمگە ئىشەنگىن ئۇمىد ئاغىنە،
بىز ئەمدى ئىزدەيمىز بەختتىن رىزىق.

ھەسرەتتىن قاچقاننى قوغلاركەن ھەسرەت،
ئازابنىڭ ئازابنى سۆيگۈنى قىزىق!..

زەھەرنى زەھەردە قايتۇرۇش بىر چۇش،
مۇمكىنمۇ كۆز ياشتا كۆز ياشنى يۇيۇش.
روھنى پەرۋازغا ئۆگەتكەنلەرگە،
مۇھەببەت قەبرىسى ئەمەستۇر تۇرمۇش.

كۆكدالا، قىز كېچە مەست بولدى ۋاقىت،
ئەكچىدى يۈرەكنىڭ كۆزىدىكى ياش.
ساق چىقتىم ئازابنىڭ رامكىسىدىن مەن،
سۈبھىنى تەۋەللۇت قىلغاندا قۇياش.

ئەلۋىدا، يىغلاڭغۇ قەلب كۈيلىرىم،
كۈلپەتكە باش ئۇرۇش يىگىتلىك ئەمەس،
كۆكدالا يىغلاشنى كۆرمەيدۇ راۋا،
ئۇ سانار چىدامنى ھامان مۇقەددەس!...

2002 ـ يىلى 2 ـ ئاي، كۆكدالا

# ئازابنى قىرنتقان يىگىتتۇر - يىگىت

يۇرەكنى سازلىدىم جۇشقۇن پەدىگە،
كەل، ناخشا توۋلايمىز تەڭكەش بول ۋاقىت.
كۆلپەتنىڭ كۆزىگە قادالغان ئوقمەن،
ئازابنى قىرنتقان يىگىتتۇر - يىگىت.

سايرايمەن زىمىستان كۆرگەن بۇلبۇلدەك،
دېمەڭلار، ۋەزنى يوق ھىجرانغا بايقۇش.
كۆز ياشقا ئاسىيلىق قىلمايدۇ شائىر،
بىر ئازغۇن پەلسەپە ھەسرەتنى ئۇنتۇش!

بۇ ئەركەك ناخشامنىڭ تومۇرلىرىدا،
مىڭ دەريا مۇھەببەت ئاقار دولقۇنلاپ.
روھىنات دەرىخىم يېشىلدۇر- يېشىل،
يىلتىزىم تۇرىدۇ باھار قۇچاقلاپ.

ئادەمخور ئىدىيە سۇرى ئالدىدا،
كۆر ھايات ئۇمىدتەك چاقنىشىمنى كۆر!
ناخشىدۇر بۆشۈكۈم، ناخشىدۇر قەبرەم،
ئازغۇنلار بەختىمگە قازالمايدۇ گۆر.

ياخشىلار ئەركىگە ئاسماندۇر قەلبىم،
ياخشىلار پەرۋازى مېنىڭ پەرۋازىم.

كىم ناخشا توۋلىسا ۋىجدان تىلىدا،
شاۋقۇنلاپ قېتىلار ئوتلۇق ئاۋازىم.

چېچىلغان ناخشامنىڭ يارقىن يۇلتۇزى،
پايانسىز ئارمانلار سامان يولىغا.
ئۆمۈرنىڭ بىر مەيدان دراممىسىدا،
چىققۇم يوق قارانچۇق «قۇياش» رولىغا!

2001 ـ يىلى 9 ـ ئاي، غۇلجا

# سەن بۇرۇنقى سەن ئەمەسسەن...

بىز مۇھەببەت پويىزىغا خاتا چىققانلار،
ئىككى تۇرمۇش رېلىسىدا ئۇزاپ بارىمىز.
يات ئەقىدە يولۇچىسى سەپەرداش بىزگە،
قەۋەت مۇڭلۇق كۈي تۆكىدۇ يۈرەك تارىمىز.

سەن بۇرۇنقى سەن ئەمەسسەن، مەن بۇرۇنقى مەن،
تەبىرى يوق بىر چۈش پەقەت ئۆتمۈشكە قايتىش.
ئارىمىزدا سوغۇق كۈلۈپ تۇرىدۇ ئازاب،
لەۋلىرىڭدىن باھار سورار قەلبىمدىكى قىش.

بىرلا قەدەم كېچىكىشنىڭ قۇربانى بولۇپ،
ساختا ۋىجدان رەڭلىرىگە ئايرىۋاشلاندۇق.
چىن ساداقەت گۈلىمىزنىڭ تەبەسسۇمىنى،
ساددا غۇرۇر مەغرۇرلۇقى قىلدى تاشلاندۇق.

سۈزۈك خىيال ئالبومىڭدا ساقلىنار بەلكى،
تۇنجى سۆيگۈڭ كۆزلىرىنى ئاچقان چاغلىرىم.
مېنىڭ ئۈچۈن ياشلانغاندا كۈلكەڭنىڭ كۆزى،
سېنىڭ ئۈچۈن خازان تۆككەن كۆڭۈل باغلىرىم.

بىز كۈلپەتلەر يۈدۈپ يۈرگەن قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز،
بەك ناتونۇش ئوربىتىدا ياشايمىز ھازىر.
سۆيۈش بىلەن سۆيۈلۈشنىڭ بۈيۈكلۈكىنى،
يارىلانغان چاغدا روھلار چۈشەندۇق ئاخىر.

سېغىنىشتا تېپچەكلەيدۇ ھارسىنغان ھېسلار،
ئۇلۇغ تىنىپ سۆزلەپ قالساق بەخت ھەققىدە.
پۇشايماننىڭ ئوچىقىدا ئۆرتەيدۇ بىزنى،
بىز قەدرىگە يېتەلمىگەن ئۇلۇغ ئەقىدە.

بۈگۈنكى بىز ھەسرەتلەردىن تۇغۇلغان ھەسرەت،
بىر دەھشەتلىك ئازاب ئىكەن ئازابنى سۆيۈش.
سەن ئوت قويدۇڭ بۇ ھىجرانكەش شېئىرلىرىمغا،
نېسىپ بولدى ماڭا تىرىك دوزاختا كۆيۈش!...

2002 ـ يىلى 2 ـ ئاي، غۇلجا

# قۇياشقا سۆز

قۇياش، قەدىر ئاسمىنىدا ۋەزمىن سەن،
تەبەسسۇمۇڭ سۇبھىلەرگە ھامىلدار.
سېنىڭ قەھرىڭ غالىبلىقىنىڭ جىلۋىسى،
سۇكۇتۇڭدە مەڭگۈ ئۆچمەس بىر تىل بار.

كەتتى ئۆلۈك توپا كەبى سورۇلۇپ،
ساڭا قەبرە ياسىغانلار زۇلمەتتىن.
ھالاكەتتىن ھالقىپ كەتكەن نۇسرەت سەن،
سېنى ئىنكار قىلالمايدۇ ھېچبىر دىن.

ئۆڭدى ھەتتا ئۆلدى تالاي ئېتىقاد،
ناخشا تۇغۇپ ياشاۋەردىڭ سەن پەقەت.
سېنىڭ ئاچچىق ـ ئاچچىق تولغاقلىرىڭدىن،
ۋەھىي كۈتەر قىسىر قالغان ھەقىقەت.

ھۆكۈمۇڭدە تاسقىلىدۇ بۇ ئالەم،
مەھشەرگاھلار سورىقىدا سەن سۇلتان.
قېپىيالىڭاچ بولار بارچە ئىدىيە،
قاتتىق تۇرۇپ ئالغىنىڭدا ئىمتىھان.

قارغىشلىرىڭ دىلكورلۇقىنىڭ گۆركارى،
غەزەپلەنسەڭ دىر ـ دىر تىترەر جاھالەت.

شەپقىتىڭدە سۈزۈلىدۇ كېچىلەر،
يۈرىكىڭدىن تەپچىپ تۇرار ئادالەت.

قۇياش بىزگە ئەسلا «خام سۈت» بەرمىدىڭ،
ئەمما خامسۇق ئەقىدىگە يېپىشتۇق.
قالدى بىزنىڭ پەلسەپىمىز مېڭىسىز،
يالغان قۇياش ئۇچۇن ئانىت ئېچىشتۇق.

بىز ھارسىندۇق، كەچۇر قۇياش بۇزرۇكۋار،
ئالجىشلارنى ساناپ كەپتۇق مۇقەددەس.
قايتماقتىمىز ئازغۇنلۇقنىڭ دەشتىدىن،
ئەمدى بىزنىڭ ھېكمىتىمىز تۇرار دەست.

2002 ـ يىلى 4 ـ ئاي، غۇلجا

# دادام، دۇنيا ـ دۇنيا غەمنى يەڭگۈچى

مەن دېھقاننىڭ ئىشچان ئوغلى بولغاچقا،
قۇياش تېخى ئويغانماستا ئويغاندىم.
يۈرىكىمنى ئىللىتقىلى دادامنىڭ،
«بۇغداي سۆزۈم» بارمۇ ـ يوقمۇ؟ ئويلاندىم.

دادا، بۇ يىل كۆكلەم بەكلا كېچىكتى،
يەنە ئىخلاس تەردىڭىزمۇ؟ ئېتىزغا.
سالام! دەيمەن ئوماققىنا بىخ سۇرۇپ،
سىزگە تۇنجى ئىشەنچ بەرگەن يىلتىزغا.

باھار، ئېيتىپ يېشىل ـ يېشىل ناخشاڭنى،
قۇچىقىڭغا كۆلۈپ كىرگىن يېزامنىڭ.
بەخت، ئەلۋەك يامغۇرۇڭنى قىسىنما،
ھۆددە يېرى كۈلۈپ كەتسۇن دادامنىڭ.

قارسىز قىشتا دادام شۈكلەپ قالدۇ،
قار بەك قېلىن ياغسا تېخى غەم باسار.
دادام، دۇنيا ـ دۇنيا غەمنى يەڭگۈچى،
باھار، ئاڭا ئۈمىد، چىدام ئېلىپ بار..

بارالمىدىم دادا ئېكىن مۆڭلىرى،
سېلىنىۋالغان چاغدا سىزنى ئالدىغا.
ئۈيۈلمەن ئەر ئالتۇنغا تەڭ مەزگىل،
مۆكۈۋالغۇم يوق ئىدىغۇ دالدىغا...

مېنى شەھەر ئۆمۈچۈكتەك يېمەكتە،
ئاستا ـ ئاستا ئۆڭىدىغان ئوخشايمەن.
خىزمەت، مائاش، باغاق دەۋر قىپ بۇ دەم،
سوئاللارنىڭ قورشاۋىدا ياشايمەن.

ئەمما مېهنەت سۆيۈپ قەدىر ئىزدىشىم،
مىننەتتى يوق دادا سىزنى تارتىپتۇ.
تەقدىر بىلەن كەسكىن ئېلىشماقتىمەن،
تۇرمۇش روھقا يۈكلىرىنى ئارتىپتۇ.

مېنى هايات بازغانلىرى سوقماقتا،
هالۋا پۇتمەس ئىكەن راست توڭ غورىدىن.
تەسلىكنى بىلدىم دادا بولماقنىڭ،
ئىس چىقارغان چاغدا سۇرلۇك مورىدىن.

بازار، بۇ يىل كاجلىق قىلما دادامغا،
«ئۆرگىلەي» نى ئېيتىپ چىقسۇن خاماندىن.
ئارمانلىرى سارغايمىسۇن بىهۇدە،
قۇياش، ئۇنى ساقلا كۆزى ياماندىن...

دادام هوسۇل ئالسا ئەگەر شادلىقتىن،
باهارىستان بولار مېنىڭ دىلخانەم.
ئۇ دەست تۇرسا تەشۋىشلىرىم ئەكچىيدۇ،
سۇبهىلەردەك ئاقىرىدۇ پېشانەم...

2002 ـ يىلى 5 ـ ئاي، غۇلجا

# بىر گۈزەل ئايالنى يەپ كەتتى ئازاب

مەن بەك ئۆچ يېگانە هاراق ئىچىشكە،
بۇنداق كۈن هەسرىتىم تۆكمىدۇ يامغۇر.
ئاڭلىنار يۈرەكنىڭ ئىسەدەشلىرى،
ماڭا تىغ كۆتۈرەر ئىسيانكار غۇرۇر.

ئەي يوچۇن يۈرەككە ئىگىلەنگۈچى،
ئېسىڭگە كېلەمدۇ مەي ئىچمەس يىگىت.
بىر شەكلەن بەختكە كەتتىڭ ئەگىشىپ،
سەن ئۈچۈن ئازابنى سۆيگەنتىم ئىست!

كۆزۈڭنى ئەسلىتەر شەھلا كۆز قەدەھ،
گويا تېز سىزماڭدۇر چالا مەست خىيال.
مەندىنمۇ ئىچەرمەن چىقتى سېغىنچىم،
«ئاق بايراق» چىقارغۇم يوقتى، نە ئامال؟

پۇشايمان ئوت قالار ئۆچكەن هېسلارغا،
ئەسلىسەم مارجاندەك چېچىلار كۆڭۈل.
چۈشەندىم، چىن ئىكەن تويدىكى يىغاڭ،
ئۇتتۇرغان ئىكەنسەن قەلبىڭنى پۈتكۈل.

هاراقلار ئەركىكى — «ئىلى هارىقى»،
يۇتقىنىم سەندىنمۇ ئاچچىق خۇرسىنىش.
ئوخشايدۇ تىكەنلىك چېگرا سىمىغا،
جۇپ دىلنى ئايرىغان ئالداش، ئالدىنىش!...

خىيالەن جەننەتكە تەگكىنىڭ ئىنىق،
خەيرىيەت، چىن پۈتكىن ۋە يا تىنىۋال.
مەن تىرىك دوزاختا كۆيۈۋاتىمەن،
سەنمۇ ھەم قوقاسقا يىقىلغان ئايال!

ھاياتتا يۈز بەرمەس ئەمدى مۆجىزە،
يەپ بولدۇق سۆيگۈدە «ئاچچىق مېغىز»نى.
نەپرەتكە ئايلىنىپ كەتتى يۈرەكلەر،
«مۇھەببەت» بەختلىك قىلالماس بىزنى!

مەيخورلۇق بىر گۈزەل پاجىئە، ئەمما
دەرد يۇيۇش ئۈچۈنلا ئىچىمەن شاراب.
ئاڭلىغىن مەيپۇرۇش، ئاڭلا مەست يوللار،
بىر گۈزەل ئايالنى يەپ كەتتى ئازاب...

2002 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا

# ئارمان قىز

مەھرۇملۇقتىن بەزمىدىكىمۇ ئارمان قىز،
تەبىرى يوق چۈشلىرىڭدىن قايتىپ چىق.
بولالمايسەن چۆچەكلەرگە پېرسۇناژ،
سۆيمىسەڭمۇ سۆيەر سېنى رېئاللىق.

كۈتۈشلەرنىڭ قېرىسىغا سىرداش سەن،
قاچان كېلەر «ئاق ئات» مىنگەن شاھزادەڭ؟
دەيسەن ماڭا: «تەشۋىشلەنمە ئاكىجان،
ساداقەتنىڭ قۇدرىتىگە نېمە تەڭ!»

سېنىڭ چۈشۈڭ شېرىن بەزەن چۈچۈمەل،
بەك خالايسەن بۇغۇچلانماي ياشاشنى.
خالىمايسەن رامكىسىدا ئۆزگىنىڭ،
ئاكاڭ كەبى روھىناتنى قىيناشنى.

خىياللاردىن تەسكىن تېپىش ئويۇڭ بار،
بەلكىم قىسمەت غوۋغاسىدىن تېرىكتىڭ.
قۇرغاق روھلار ۋە يا تەگدى جېنىڭغا،
ئوتى ئۆچكەن يۈرەكلەردىن زېرىكتىڭ...

ئارمانلاشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئەركىنلىك،
مەيلى تۇغۇل ئارمانلاردىن ئارمان قىز.
باغلانغانلار سەنلا ئەمەس ھاياتتا،

مەنسۇپ بولماس ئارمانلارغا ئارقانسىز!

روھ ئەركىنلىكى ئۈيلىسامغۇ بىر ساڭا،
قىلىپ بەرگۈم كېلەر جاننى قۇش يېمى.
ئايرىپ تۇرار مېنىمۇ ئاھ بەختتىن،
رېئاللىقنىڭ ئېگىز ـ ئېگىز بۇ تېمى؟...

خىيال ۋە چۈش ئۆزۈڭگىلا خاس دۇنيا،
ئەمما زۇلمەت بازغىنىدا دىل ئەزمە.
مۇقەددەستۇر «ئەركىنلىكتە ئۆلۈش» مۇ،
پەرۋازىڭنى زورلىمايمەن قەپەسكە...

يۈرەك قۇشۇڭ ئۇچۇم بولغان دەملەردە،
نە ھاجىتى سىڭلىم يالغان قاناتنىڭ.
شاھزادەڭدىن خەۋەر بەردى مۇھەببەت،
كىشنىشىنى ئاڭلىدىم مەن «ئاق ئات» نىڭ!...

2002 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا

# تىرىلگەن چاقماق

بىر بىشەم ئايالغا ئايلاندى تۇرمۇش،
يالتىراپ ئازابقا نېمە دېگۈلۈك؟!
ئوۋلىماق بولىدۇ ئازغۇنلۇق تەننى،
كىم ئۇچۇن جان تىكىپ غەملەر يېگۈلۈك؟

ئويلايمىز بەختتەك كۆلۈمسىرەشنى،
تۇرساقمۇ مەھشەرگاھ بوسۇغىسىدا.
داتلاشقان خەنجەردەك ھارسىنغان غەزەپ،
نۇر ئىزدەر روھىنات قاراڭغۇسىدا.

نەچچىلەپ چۆچۈدۇق، ئۆندەرىدۇق ھەم،
شاراقلار روھتىكى زۇلمەت كىشەنى.
دۇغلاشقان ۋىجداننى يۇيۇپ بولغۇچە،
دەپسەندە بولاركىن كىملەرنىڭ شەنى!...

بىز كەبى بوسۇنچۇق ئەمەسكەن ھايات،
پېتىندىم ئۆزۈمگە قارشى چىقىشقا.
رىغبىتىم يوق ئىدى قارا قان بىلەن،
ياپيېشىل تومۇردا ئەبجەش ئېقىشقا...

بىلمەيدۇ جەبىرنىڭ زەھەرخەندىسى،
كىم ئۇچۇن جانلارغا ئېكەك سالىمىز؟

تىرىلگەن چاقماقتەك يالتىرىمىساق،
بىز زاۋال پۈشتىغا ئوخشاپ قالىمىز.

يىلتىزىمىز ئەقىدە سارغايتار روھنى،
بىز موھتاج ئۆزلۈكنى توقۇشقا چۆۋۈپ.
سۈيۈرغال بولساق تۈن ئەندىزىسىگە،
چوغلانغان ناخشىمىز قالامدۇ سوۋۇپ؟!

2002 ـ يىلى 9 ـ ئاي، غۇلجا

# شاڭخەي ساھىلىدا خۇرسىنىش

شەرق بوسۇغىسىدا باقتىم دېڭىزغا،
ماموق مانانلاردا نەمدەلدى خىيال.
تۇزلۇق لەۋلىرىدە سۆيدى يېنىشلاپ،
سۇ پەرىلىرىدەك كەپسىز - شوخ شامال.

قات - قات تۇرمەللەنگەن چاغدا دولقۇنلار،
دېڭىز يۈرىكىنى تىڭشىدىم بىر پەس.
يۈرەك كىشنىمەكتە، ئەندىكمەكتە تەن،
چۇقان سالماقتا ھەم بىر ئەركەك ھەۋەس.

ئەنسىز بېلىقچىقۇش تەئەججۇپلەنمە!
مەن قۇم دېڭىزىدىن بىخ سۈرگەن ئۇدۇم.
تۆگە كولدۇرمىسى كەبى ئۈنلەيمەن،
ناخشام بۆشۈكىنى تەۋرەتكەنمۇ قۇم.

ئۆلمەس مەدەنىيەت گېنى ئەمگىنىم،
يېشىل توغراقلاردەك ئۈمىدىم تىرىك.
«غەپلەت ئاسراندىسى» دەپ قالما مېنى،
جاھان خىرىسىغا باقالايمەن تىك...

دېڭىز ئويلىرىغا باش قويغان قۇياش،
توشار پاراخوتلار سەگەك ئىدىيە.
زۇلمەت ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن بۇ يەردە،
بىزنىڭ مۇگدىشىمىز بىر تىراگېدىيە!...

شەرق تۇندىمۇ ئويغاق، چېقىلدى ئېڭىم،
ئىدراك قۇلۇلىسى چىقتى قېپىدىن.
مېنىڭ تەخىرسىزلا سويلاپ چىققۇم بار،
تەركىدۇنيالىق تەسەۋۋۇپىدىن!...

ۋاقىت يۇدۇپ يۇرمەس سۆرەلگۈچىنى،
كەسكىن چېڭقالماقتا دىلدىكى تاقەت.
سەبرە ئېمىزىكىدىن سەسكەنمەكتىمەن،
يوقال! روھىناتقا چاپلاشقان غۇربەت.

قۇملۇق ئەپسانىسى يالىڭاچلاندى،
قەدىم موميالارمۇ ياتالمايدۇ شۈك.
ھېسسىز كومپيۇتېر توقۇماقتا تور،
ئولجا ئىزدىمەكتە سانسىز ئۆمۈچۈك.

ئەقىل جىلۋىسىدە ياشاش بىر سەنئەت،
تارىخ ئەركىلەتمەس تەكەببۇرلۇقنى.
يۇمشاق تەرىقەتنى سۆزلەش ماھارەت،
شەرق ئىدىيولوگىيەڭ يەكلەر زورلۇقنى.

ئارمان پويىزىدا ئۇزايمەن شاڭخەي،
قېرى سۇكۇتۇمگە قايتقۇم يوق بىغەم.
سالام! تەكلىماكان تىرىلگەن دېڭىز،
مېنىڭ بىخۇدلۇقۇم توزىدى نىكەم!...

2002 ـ يىلى 10 ـ ئاي، شاڭخەي

# ياشايمەن مەن ئەمدى سۆيگۈسىراپلا

## (بىر يىگىتنىڭ سۆيگۈ ئالبومىدىن)

زۇلھايات، زۇلھايات بەختىنىڭ قىزى،
كۆلكەمنىڭ زىننىتى، ھاياتىم ئىدىڭ.
بەختىنىڭ ئىشكى ئېچىلغان ئاخشام،
سەن مېنى بەختتەك «سۆيىمەن!» دېدىڭ.

تىمتاسلىق كۆيگە ئورانغان سەھرا،
ئېسىمدە ئالمىلىق باغدىكى تۈنەك.
خۇش كەيپ بولغانتى رېئاللىقىمىز،
ئالمىنىڭ رەسىدە چېچەكلىرىدەك..!

ئاي تۆكۈپ تۇراتتى كۆمۈش رەڭ كۆلكە،
يۇلتۇزلار كۆز قىسار ئىدى بەك شەھلا.
مەستخۇش تۈن قۇشلىرى تۈمشۇقلىشاتتى،
سۆيۈشسەك بىز بىلەن بەسلەشكەندەكلا.

زۇلھايات، شوخ دولقۇن ـ دولقۇن چېچىڭدەك،
تولغىنىپ ئاقاتتى چىم ئېرىقتا سۇ.
لەۋلەردىن ـ لەۋلەرگە توشۇيتتى يالقۇن،
شېئىرغا ئايلىناي دەپ قالغان تۇيغۇ.

ئۆتكەنتۇق بەختىنىڭ رويخېتىگە،
پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كەتكەندە ئازاب.

تىنىقى قوشۇلغان لىرىكىمىزنىڭ،
قەلبلەر ـ قەلبىدىن ئىچكەندە شاراب.

زۇلھايات، تۇرمۇشنىڭ بەختۇاش قىيانى،
بېغىمدىن ئېقىتتىپ كەتكەن «ئالما» سەن.
پال ئاچساق جۇپ چىقار ئىدى بەختىمىز،
چىن پۈتمەس بوپقالدىم ئەمدى پالغا مەن.

ھەر باھار گۈللىگەن چاغدا ئالمىلار،
قىز چېچەكلەر ئارا ئىزدەيمەن سېنى.
جان قۇشۇم سايرايدۇ يېتىم ئاۋازدا،
سورىسام قۇشلاردىن: «زۇلھايات قېنى؟»

چۈشۈمگە پات ـ پاتلا ئۆۋۋا سالىدۇ،
ئىككىمىز «تۆتقۇلاق» ئاختۇرغان چىمەن.
قىش خىيال قۇچاقلاپ قالىمەن تەنھا،
سېغىنىش كەيپىدىن يېشىلگەندە تەن!

زۇلھايات، چوقچىلار ھىجران چوغىنى،
سەن «يۈرەك» كەشتىلەپ بەرگەن قولياغلىق.
شادلىقنى كۆلپەتكە تېگىشكەنلەرگە،
ئىكەنغۇ دۇنيانىڭ ئۆزلۈقى چاغلىق!

كۆز ياشنى تەقدىرگە دۆڭگىگۈم كەلمەس،
توي كۈنى ئۆچۈمنى ئالدىم ھاراقتىن.
ياشايمەن مەن ئەمدى سۆيگۈسىراپلا،
تۇغۇلۇپ قالغىنىم ئۈچۈن پىراقتىن!

2002 ـ يىلى 12 ـ ئاي، غۇلجا

# بىر يۈرەك بار باھارسىرىغان

بىر يۈرەك بار باھارسىرىغان،
جۇدۇن قولى سالماقتا چاڭگال.
ئۇ سۈرىدۇ ئېغىر خورسىنىپ،
شاكىراپقا چىلانغان خىيال.

چوغ بېرىڭلار كۆيۈۋاتقانلار،
ئۇ بەئەينى ئوتى ئۆچكەن مەش.
ئۇششۇك تەگكەن تىنىقلىرىدىن،
تامچىلايدۇ ساناقسىز ئۇندەش.

سۆيگۈ ئۇنى ئۆگەيلىگەندە،
بەخت ياپتى ئىشىكىنى ھەم.
روھ يارىسى قالدى شىپاھسىز،
تونۇماسكەن ھەسرەتنى ھېچكىم.

نېمىشقىمۇ سۆيۈپ قالدىكىن؟
قارا ھىجران خەيرەندىسىنى.
ئۇ پاك ئىدى، ساتقىن قەسەملەر،
خەجلىۋەتتى ئەقىدىسىنى...

ئۇ ئادرېسى خاتا يېزىلغان،
بىر ئېگىسىز خەتكە ئوخشايدۇ.
ئۇچۇپ يۈرەر سەرسان شامالدەك،
بىلمەس نەگە بېرىپ توختايدۇ.

پۇشايمىنى ئاچچىقتۇر ـ ئاچچىق،
تەتۈر قىينار بۇ تەتۈر تەقدىر.
ئۆز گۆشىنى يەۋاتقان قۇش ئۇ،
ۋە غەزەپكە زەنجىرلەنگەن شىر...

2002 ـ يىلى 1 ـ ئاي، غۇلجا

# توي ماشىنىسى بېزىگۈچى قىز

سەن ئۆزاتتىڭ تالاي ـ تالاي جۇپلەرنى،
تەنھا قالدىڭ تەنھالىقنى سۆيگەندەك.
خىياللىرىڭ چۇچۇمەلدۇر ـ چۇچۇمەل،
سەن ياشايسەن مىسكىنلىككە كۆيگەندەك.

خەيرلىكتۇر سەن بېزىگەن ماشىنا،
ئاق تىلىكىڭ ئامەت نۇرى زېرەك قىز.
ئويلىمايسەن شادلىق سېتىۋېلىشنى،
كۆلكەڭ سىدام، ئازابلىرىڭ بېزەكسىز.

سېنى دەردسىز دېگەنلەرگە ھەيرانمەن،
دەردلىنىدۇ سەن يۆلەنگەن تېرەكلەر.
مۇڭ يۇقىدۇ سېنى سۆيگەن شامالغا،
ھىجرانكەشتۇر سەن سۇغارغان چېچەكلەر.

ئازابلىرىڭ ئانىسىدۇر ئازابىڭ،
سېنىڭ ئىشقىڭ ئوت قويىدۇ كېچىگە.
تاۋلانغان بىر تونۇرغىلا ئوخشايسەن،
يالقۇنلىرى سىغماي قالغان ئىچىگە.

ھېسسىياتچان كۆز پەسلىدە غۇلجىنىڭ،
توي باغىقى كۆلۈپ كىرەر ئۆيۈڭگە.
غېرىبسىنار شۇ كۈن سېنىڭ لىرىكاڭ،
ھېچكىم تەسكىن بېرەلمەس دىل كۆيۈڭگە.

155

قىز قولدىشى بولدۇڭ سىڭلىم نەچچە رەت،
بولالمىدىڭ ئەمما بەخت قولدىشى.
كىم ئىشەنسۇن؟ يۇلتۇز تۇغقان كۆزۈڭنى،
دېسەم پىشقان ھەسرەتلەرنىڭ دىلكىشى.

بەلكىم ئۆلمەس روھ سۆيگۈسى كۈتكىنىڭ،
ۋەيا يېدىڭ مۇھەببەتتە غايىب ئوق.
ئىزدىگىنىڭ مىسلى باھار بىر يۈرەك،
زىمىستاننىڭ نىكاھىغا ئۆتكۈڭ يوق!...

2002 ـ يىلى 2 ـ ئاي، غۇلجا

# مۇھەببەتسىز يۈرەك قەبرىگاھ

يۈرىكىڭنىڭ قوللىرى بىلەن،
سەن سىلىدىڭ سۇلغۇن بېشىمنى.
تەبەسسۇمۇڭ ئەكچىتتى دوستۇم،
قانغا رەڭداش ئاققان يېشىمنى.

يەتتە بېشى بارمۇ ھەسرەتنىڭ؟
كۆپ شورالدى روھىمنىڭ قېنى.
دەيمۇ دوستۇم سېنى چىنتۆمۈر،
يالماۋۇزدىن قۇتقۇزدۇڭ مېنى.

تۇمەن پاتمان تەشۋىشنىڭ تېغى،
باسقىنىدا مېنىڭ يەلكەمنى.
مىسلى باھار تىنىقلىرىڭدا،
تىرىلدۈردۈڭ ئىمجان كۆلكەمنى.

مېنىڭ يېتىم قالغان ئۈمىدىم،
كۆزلىرىڭدىن تاپتى سەۋرگاھ.
دېدىڭ: تۇغۇل سۆيگۈدىن قايتا،
مۇھەببەتسىز يۈرەك قەبرىگاھ!...

2003 ـ يىلى 3 ـ ئاي، غۇلجا

# كوچىدىكى قىز

سۆيۈملۈك قاتىلدۇر كوچىدىكى قىز،
ئۇ ئوخشار سۇدىكى جىلۋىسىز ئايغا.
مۇمكىنسىز ۋىسالى گويا مەھشەرگاھ،
ئۇ باشلار ئۇمىدنى ئۆلۈمرەڭ جايغا.

سايرايدۇ قىزىل كۆز قەسەم تىلىدا،
قاپقارا بايراقتۇر ئۇ سۆيگەن ۋىجدان.
ئۇ كۈلۈپ تۇرغان دار، مامات ئەلچىسى،
كۆيدۈرگە لىۋىدىن تامچىلايدۇ قان.

روھىدۇر ئېزىققان روھلار تۇرمىسى،
يۈرىكى مۇھەببەت قەبرىستانى ھەم.
كۈيلەيدۇ ئۇ پەقەت جەھەننەمنىلا،
ھالاكەت ناخشىسى تۇغىدۇ ماتەم...

رەزىلىك گۈلى ئۇ، نازلىنىپ تۇرۇپ،
تەنلەرگە يۈكلەيدۇ ئازغۇنلۇق يۈكى.
ئۇ سۆيەر يىمىرىلىش ئىزدىگەنلەرنى،
دوزاخنى سۆيگەنلەر ئۇنىڭ يەمچۈكى...

2003 ـ يىلى 4 ـ ئاي، غۇلجا

# دىل چۆكمىلىرى

ئاغىنىلەر، دولقۇننى دېمەڭلار ھەسرەت،
يارىلانغان يۈرىكى كۆلۈۋاتىدۇ.
شادلىقىغا سىر تىماق سالغان تەشۋىشلەر،
ئۆز - ئۆزىگە بوغۇلۇپ ئۆلۈۋاتىدۇ.

ئاغىنىلەر، دولقۇننى دېمەڭلار سەۋدا،
«ساراڭ» لىق كوچىسىدىن چىقىۋاتىدۇ.
ئۇنى يەپ كېتەلمىدى كۆلپەت كىتلىرى،
ئۇ ئۈمىد تومۇرىدا ئېقىۋاتىدۇ...!

ئاغىنىلەر، دولقۇننى دېمەڭلار مەغلۇپ،
ھالاكەتنىڭ ئېڭىدىن ھالقىدى نېكەم.
روھى ئۇنىڭ چۈشەكسىز پەرۋازدىكى روھ،
ئىدىيىسى چۈشمەيدۇ رامكىلارغا ھەم.

ئاغىنىلەر، دولقۇننى دېمەڭلار ئۆچتى،
ئوتى يېتەر دېڭىزنى قاينىتىشقىمۇ.
ئۆلمەس قۇياش كۆلكىسى بار ئارمانلىرىدا،
چوغ سورىماس ئۆزگىلەردىن قارا قىشتىمۇ.

ئاغىنىلەر، دولقۇننى دېمەڭلار رايىش،
ئەمدى سۆرۈن كۆڭۈللەرگە قىلمايدۇ ئىخلاس.
قول تەڭلىمەس ئۇ رەزىللەر نېسىۋىسىگە،
كۆي تۆكىدۇ قەلبى ۋىجدان ساداسىغا ماس.

ئاغىنىلەر، دولقۇننى دېمەڭلار زۇلمەت،
ئۇ ياشايدۇ نۇرلۇق ـ نۇرلۇق ئىدىيە ئېمىپ.
قۇياش تۇغقان ناخشىلارغا ئەقىدىسى بار،
تۇرار يېشىل ھېكمىتىدىن ھەقىقەت تېمىپ.

2003 ـ يىلى 1 ـ ئاي، غۇلجا

# «بەيتۇللا»① نىڭ ئالدىدىن مەست ئۆتمىسەم بولاتتى

سەراتانغا ئون توققۇز، قازانچىدىن مەست قايتتىم،
هارغىن غۇلجا ئاخشىمى ئېغىر تىنىپ ئۇخلايدۇ.
غېرىبسىنغان روھىمغا بۇدۇشقاقتەك چاپلاشتى،
ئازاب دېگەن مەككىنىڭ رودىپېيى ئوخشايدۇ.

هېلىراقتا كەچ سائەت ئون ئىككىگە داڭ ئۇرغان،
مۇڭ دارىغان خىيالنى قىيىن ئىكەن مەست قىلىش.
نازىم ماڭغان كوچىنىڭ جېسەكچىسى مەن بولدۇم،
سەزمەكتىمەن ئادەمسىز كوچىدىمۇ سىقىلىش...

كەربالاغا پالانغان غېرىبتىنىمۇ غېرىبمەن،
مەشۇقى يوق ئاشىقنىڭ كۆلپىتىنى كىم بىلسۇن؟
ساختا پۇلدەك قەدىرسىز مەيخانىدا سەتەڭلەر،
مەن ئىزدىگەن سەنەمجان ناپاك جايدا نە قىلسۇن؟

مەست يارالغان ۋۇجۇدنىڭ هىجرانلىرى بەك ئاچچىق،
تازا ئۇزاق ساقلانغان شارابتەكلا بويتاقمەن.
جاراهىتىم يىلتىزداش شاھ مەشرەپنىڭ زارىغا،
«ئىچىم روزا، تېشىم هېيت» ئەمما ئۇزۇم ئويغاقمەن.

«بەيتۇللا» غا كەلگەندە رېئاللىققا يۈزلەندىم،
سۇرلۇك كۈلۈپ تۇرىدۇ هايات ـ مامات دوقمۇشى.

① بەيتۇللا ـــ غۇلجا «بەيتۇللا» مەدرىسە مەسچىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بىشەم زاۋال ئىتلىرى قالدى نېكەم قاۋاشتىن،
گۇمراھلاردىن پەرقىم شۇ: يولقۇنماقتا روھ قۇشى.

مۇنارىغا مەدرىسىنىڭ قونغان ئۇماق ھىلال ئاي،
پەقەت سەنلا قەلبىمدىن ئايىمىدىڭ تەبەسسۇم.
دېگىنىڭ راست «قىز»، «مەي» گە جاننى تىكىش ئەخمەقلىق،
ئىشرەت ھامان ئادەمنى قىلىۋېتەر كۈمپەيكۇم!...

قەھرلەنسەڭ، غالىلداپ تىترەيدىكەن ئۆلۈممۇ،
مېنى سارالڭ قىلالماي يۇلدى زۇلمەت چېچىنى.
چىقتىم مەغرۇر سۇغۇرۇلۇپ قاسىرقىدىن تەشۋىشنىڭ،
مەجبۇرلىدىم ئاق بايراق چىقىرىشقا كېچىنى!...

«جان ئىچىدە جانان قىز» بەخت ساڭا يار بولسۇن!
يۈكلەپ قويدۇڭ يۈرەككە بىر ھازازۇل ئىزتىراپ.
ئەقىدىسىز «قىز» لاردىن ھالقىپ كەتتى ھەسرىتىم،
نەۋائىمۇ بىر ئۆمۈر ياشىغانغۇ قىزسىراپ!...

موللا بىلال تەقسىرىم قىلىپ قويدۇم كۆپۈرلۈق،
«بەيتۇللا» نىڭ ئالدىدىن مەست ئۆتمىسەم بولاتتى.
ئۆلۈۋاتقان كۆڭۈلدىن سۆيگۈ تىلەش نادانلىق،
بىراق تىرىك بەختىمنى ئۇركۇتمىسەم بولاتتى.

تەقدىر بىلەن ئېلىشىپ ياشاۋاتقان بەندىمەن،
بوز يىگىتنىڭ قەدرىنى چۈشىنەرمۇ مەزلۇملار؟
«مەي»ۋە «قىز» دىن مۇقەددەس ناخشىلارغا تېۋىنسام،
قوقاس يۇتقان يۈرەككە ئىشىنەرمۇ مەھرۇملار؟

2003 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا

# ھىجران كېچىسى

بۇ كېچە ئاي باقتى ھەسرەت كۆزىدە،
يۈلتۈزۈم مۆكۈندى قانرەڭ ئۈيقۇغا.
مەن گويا ئۆلجىغا كەتكەن ئىختىيار،
«ئۈچ يىلان» چىرماشتى ئازغۇن تۈيغۇغا...

بىر «يىلان» سورايدۇ شەھۋەت كۈلكىسى،
بىر «يىلان» نەپسىگە شېرىن جان تىلەر.
بىر «يىلان» قەدەھكە قۇيۇپ ئىچكىلى،
نە شاراب، ھەتتاكى ئىسسىق قان تىلەر.

كىرگىنىم ئاھ! بارسا كەلمەس كوچىسى،
ئۆلمەيىن دوزاخقا تۈترۈق بولدى تەن.
ئەي پەلەك «مەشۇق» لىرىڭدىن ئۆرگىلەي،
مەن بىلەن جەننەت تالاشتى گۈل بەدەن!...



قارغىغان بولغىيتتى قانداق شۇم ئېغىز،
ئالجىغان قىسمەتكە قالدىم بۇ كېچە.
تومۇرۇم تار بولدى تەمبۇر دەستىگە،
«ئوق» يېگەن كۈيلەرگە چالدى بۇ كېچە!...

ھۆۋلىسام تار كەلدى كۈلپەت رامكىسى،
ۋادەرىخ، جاھانغا قەھرىم سىغمىدى.

ئۈچ ۋىسال دىۋانىسىگە تەن كېرەك،
روھ كۆزى دەريايۇ ـ دەريا يىغلىدى!...

قۇد تۇرۇپ شەھۋەتنى سۆيگەنلەر قىزىق،
يار ئەمەس ئىبلىسقا كۆيگەنلەر قىزىق.
غەيرىگە گۈل لەۋلىرىدە مەي تۇتۇپ،
چۆل كەبى چاڭقاشتا ئۆلگەنلەر قىزىق.

بۇ كېچە قىيامىتىمدىن ھالقىدىم،
نە قىلاي؟ ساپساق كۆڭۈلنى ئۆلتۈرۈپ.
تىرىلىش تاپقۇسى نىمجان ئىشتىياق،
بىر ئۈمىد ئۈلگۈردى جاننى كۈلدۈرۈپ...

2003 ـ يىلى 9 ـ ئاي، غۇلجا

# جامالىڭ تولۇن ئاي ئەينىكى گويا

ئىلاھىي ئايالسەن ھاۋا ئانىدەك،
سۆيۈشنى بىلسەن سۆيدۈرۈشنىمۇ.
ئوخشايسەن زىمىستان كۆرگەن بۇلبۇلغا،
كۆيۈشنى بىلسەن كۆيدۈرۈشنىمۇ.

يۇرەكتە ئېچىلدىڭ ئەي جەننەت گۈلى،
سەن ئەمەس ئويۇمدا «يېتىم قوۋۇرغا».
خىيالىم، چۈشلىرىم شاھىنشاھىسەن،
يىلتىزىڭ يېيىلدى تومۇر ـ تومۇرغا..

جامالىڭ تولۇن ئاي ئەينىكى گويا،
شوخ شەھلا كۆزۈڭدە تۈنەيدۇ يۇلتۇز.
كېچىلەر رەڭ ئالار كىرپىكلىرىڭدىن،
سەن كۈلسەڭ قەلبىمدە تەل بولار توققۇز.

مەن سۆيۈش سورىسام، نازلىنىپ تۇرۇپ،
«ياق» دېيىشلىرىڭمۇ يېقىملىق سېنىڭ.
بىر گۈزەل مەنە بار «ھە.. ئە» لىرىڭدە،
باتىنىشىڭ، قەھرىڭمۇ بىر سەنئەت سېنىڭ...

سۇس سارغۇچ چاچلىرىڭ پۇرايدۇ ئىپار،
سەن ماڭغان كوچىلار بولار چالا مەست.

قۇياشنىڭ تولغىقى تۇغقاچقا سېنى،
زۇلمەتخور بەختىڭگە قىلالمايدۇ قەست!

سۆيگۈدە ئاخىرقى بېكىتتىم ئۆزۈك،
كېچىكمەي ئۇچراتتىم گۈلگۈن جىسمىڭنى.
كۆز يۇمسام قەلبىڭگە دەپىنلەنگۈم بار،
روھىمغا مۆھۈرلەپ بولدۇڭ ئىسمىڭنى!

2003 ـ يىلى 10 ـ ئاي، غۇلجا

# مېھمىنى بولماڭلار سۆيگۈسىز دىلنىڭ

گۆھەرگە ئايلاندى يوقاتقانلىرىم،
مەلىكە بوپتىمەن قۇرۇق ئېمىزەككە.
ھەي ئىسىت! بىھۇدە ئوت قالاپتىمەن،
قەھرىتان قىش ئۇۋا سالغان يۈرەككە...

ئەقىدە لەۋزىدىن سۇ ئىچكىن كۆڭۈل،
مەن تولا ئالدانديم ساختا نازلارغا.
«سەتەڭلەر» ئەرلەرنىڭ شېرىن دۈشمىنى،
چوقۇنۇش بىھاجەت شەرەندازلارغا...

ئۆگەتتى تەقدىرنىڭ كاچاتلاشلىرى،
ئىخلاسمەن دىللارغا باھار بېرىشنى.
ئارزۇيۇم گۈلىنى سۇغارغانلارنىڭ،
چاڭقىغان قەلبىگە سۆيگۈ تېرىشنى.

بەس! يېتەر، دەردىھال ياشىغانلىرىم،
پاكىز بىر كۆڭۈلدىن شاراب ئىچىمەن.
ئۆزۈمنى شۇ زىندان يۈرەككە زورلاپ،
نە ئۈچۈن ئەركىمگە كېپەن پىچىمەن!

سۆيگۈسىز تۇرمۇشقا تۇتقۇنلار بىلەر،
ئالتۇنمۇ سېرىقتۇر، ئازابمۇ سېرىق،

ئاھ ئۇلار زەر ئىچرە ياشىسىمۇ گەر،
پەرۋازغا سېغىنىپ سالىدۇ ئىسرىق.

كاج قىسمەت يولاتما، ئەرزان ئازابنى،
شادلىققا زارىققان كۆنلىرىم تالاي.
مېھمىنى بولماڭلار سۆيگۈسىز دىلنىڭ،
بىر مۇدھىش قەپەستۇر ۋىسالسىز ساراي!

2003 ـ يىلى 11 ـ ئاي، غۇلجا

# تاغلىرىمنىڭ پەرىشتىسى سىز

سۆزۈك ـ سۆزۈك تاغلىرىمنىڭ پەرىشتىسى سىز،
يارقىن زۆھرە يۈلتۈزىدەك نۇرانە ھەدە.
ئىزىڭىزدىن بار ئۇلۇغلۇق تېرىيدۇ تەرمەچ،
ۋاپا ـ كۆيۈم ئارا سىزدەك پەرۋانە نەدە؟

ئۈنتۈش قىيىن ئۆچ مۆچەللا مېڭىپ توختىغان،
مېھرى جەننەت ئانىمىزنىڭ يۈرەك سائىتى.
قالماپمىدۇق يەتتە گۆدەك يەتمىش ئارماندا،
گويا يېتىم قوزىلاردەك مەرىگەن پېتى!...

چىققانتىڭىز بەكلا مۈشكۈل «ئانا» رولىغا،
ئانا بولماي تۇرۇپ ئون بەش يېشىڭىزدىلا.
ئالتە سۈنۈق كۆڭلىمىزگە پۈتۈنلۈك ئىزدەپ،
«تۆگمەن تېشى» چۆرگىلىگەن بېشىڭىزدىلا.

ئانىسىزلىق نە كويلارغا سالمىدى بىزنى؟
تالاي ھەسرەت قاينىمىغا بىللە چۆكتىڭىز.
ئارمىنىمىز مايسىسىنى پەرۋىشلەيمەن دەپ،
باغرىمىزغا دەريا ـ دەريا مېھىر تۆكتىڭىز...

«قىرىق جېنى» بار دېگەن سۆز ھەقكەن ئايالنىڭ،
جېنىم ھەدە، ساق چىقتىڭىز «قىرىق تونۇر» دىن.

«قۇد يۇلتۇزى چاقنىسۇن!» دەپ ئالتە يېتىمنىڭ،
ۋاز كەچتىڭىز «شىۋقەدرى» ئەپ كەلگەن نۇردىن.

پاك ـ غۇبارسىز شەپقەتلەردىن تۆرەلگەچكىمۇ،
رەزىللىكنى سۆزلىمەيدۇ ھەتتا قەھرىڭىز.
نۇسرەت گۈلى چېچىلىدۇ ئالىقىنىڭىزدىن،
سەككىز جەننەت كۈلكىسىگە تەڭدۇر بەھرىڭىز.

ئېگىز ـ ئېگىز قونداقلارغا چىقارغانمۇ سىز،
ئاپئاق ـ ئاپئاق قەلبىمىزگە چاڭ قوندۇرماستىن.
«كۈل يېتىم» تۇق «گۈل يېتىم» غا ئايلاندۇردىڭىز،
ئانىلىقلار ئالدىدا ھېچ ئۇمۇندۇرماستىن.

تەنتەكلىكىم جۆيلۈشىنى كەچۈرۈڭ ھەدە،
سىزگە ھۇرسەم، روھ ـ تېنىمنى قوتۇر باسامدۇ؟
ئاچچىق ـ ئاچچىق پۇشايمانغا بوغۇلماقتىمەن،
سىزدىن تانسام ۋىجدان مېنى دارغا ئاسامدۇ؟...

قوشماق بەخت سۆيگۈسىنىڭ دولقۇنلىشى بىز،
پاكىز يۈرەك ناخشىمىزنىڭ تىنىقلىرى بىر.
قېرىنداشلىق شادلىقىدىن كېچىش مۇمكىنمۇ؟
ئازازلىق ۋە دوسسىيىشتىن جاق تويدى پېقىر.

ئاڭلاڭ ھەدە، قەلبىڭىزنى يىغلاتقان يۈرەك،
مانا بۈگۈن ئۆتكۈزۈلدى نومۇس زىخىغا.
يۇتۇۋالدىم گويا سانسىز ئازاب يىڭنىسى،
ماڭماقتىمەن، توۋا دەسسەپ نەپرەت مىخىغا.

## مەڭگۈلۈك ئىزدەش

گۈلگۈن باھار ئاپتىپىدەك قۇچاق ئېچىڭا،
سېغىنىشىم يولىڭىزغا تىكمەكتە مىڭ كۆز.
يۈرەك ـ باغرىم يىلتىزىدىن ئۇخچۇپ چىقماقتا.
زەمزەم بۇلاق سۇلىرىدەك «ھەدە!!!» دېگەن سۆز...

2004 ـ يىل 8 ـ ئاي، غۇلجا

# ئەڭ ئاخىرقى سۇۋادان

گويا تەلۋە بۇقىدەك نەرە تارتار توك ھەرە،
كېسىلمەكتە سۇۋادان، يىقىلماقتا بىر تارىخ.
يىرتىلماقتا شەھىرىمىنىڭ يېشىل ھايات كىتابى،
سانجىلماقتا يۈرىكىم كۆزلىرىگە سانسىز مىخ!...

ئەڭ ئاخىرقى سۇۋادان قالدۇرۇلدى ئەتىگە،
مەيۈس غۇلجا گۈگۈمى ئېتىكىنى يايغاندا.
مەھەللىمىز ھۆسنىگە يارىشاتتى ئۇ ئەجەب،
تەۋەررۈك روھ يىلتىزى ئايلىنارمۇ پايخانغا...

ئۇ كېسىلگەن دەرەخلەر ئارمىنىدا ماتەمدار،
تىك تۇرىدۇ جەڭگاھتا ئامان قالغان جەڭچىدەك.
ئاي نۇرىنى ئەممەكتە ئۇنىڭ سوڭگى ئۈمىدى،
ياپراقلىرى يالتىرار سانسىز كۈمۈش تەڭگىدەك...

ئۇچار كەچ كۈز شامىلى مۇڭلۇق ساتار چالغانچە،
سۇۋادانغا قەلبىنى سۆزلىمەكچى بولغاندەك.
تىلسىز دەرەخ ھەسرىتى كەلدى ئاخىر زۇۋانغا،
ئاچچىق سۈكۈت ھەم سەۋر پىيالىسى تولغاندەك.

دېدى: بالام، قۇچاقلا! ئىللىت بىردەم تېنىمنى،
ئەڭ ئاداققى كېچەم بۇ، مۇڭدىشايلى تاڭغىچە.

كۆز يۇممەن ئەتىلا، توغرىلىدۇ پۈت ـ قولۇم،
ئېيتىڭلاي زارىمنى مەھشەرگاھقا ماڭغۇچە...

سادىر بىلەن زامانداش بوۋاڭ تىككەن كۆچەتتىم،
پەرۋىشكارىم شۇ داداڭ ئەجەب قەيسەر ئەر ئىدى!
چىۋىقىمنى ئات قىلىپ بالام سەنمۇ ئەر يەتتىڭ،
پاناھىمدا ئىچتىڭ ھەم تۈنجى سۆيگۈ شەربىتى...

تاڭلا ئەتە شىپىتمەن، كۆرەلمەسمەن باھارنى،
قايتىپ كەلسە قۇشلىرىم ئۇۋىسىنى تاپالماس.
ئۇسلۇبىنى يوقاتقان كوچىلىرىڭ ياتلىشار،
قىپيالىڭاچ مەھەللەڭ ئەۋرىتىنى ياپالماس.

ئۆچمەن ئىكەن بەزىلەر توۋا، ئەركەك دەرەخكە،
كۆرگەن ھامان بىزلەرنى «يوقاتقىن!» دەپ غىڭشىيدۇ.
مەزلۇملاشقان دەرەخنى ئارزۇلايدۇ نېمىشقا؟
چۈنكى، ئۇلار بەك رايىش شامالسىزمۇ لىڭشىيدۇ.

بىر شېخىمنى قەلەمچە قىلىپ كۆچۈر ھويلاڭغا،
ئۆلمىسىلا روھىنات نەۋ باھاردا كۆكلەيمەن.
بۇزرۇك بوۋاڭ ئەرۋاھى ئىككى ئالەم قورۇنماس،
سەنلا بولساڭ پاسىبان مەڭگۈ غازاڭ تۆكمەيمەن!...

سۇۋادانىنىڭ جۇدالىق زارى مېنى ئويغاتتى،
پۇچۇلاندىم، ھارسىندىم قىرقىلغاندەك پەيلىرىم.
شىپىت كەتكەن غەزەپنىڭ ئۆچ ئېلىشى تۇرغان گەپ،
كەلدى شۇنداق نىدانى كەسكىن بايان ئەيلىگىم:

يېشىللىقنى قوغلىساق قوغلانىمدۇق زېمىندىن،
ھەي ئادەملەر، ئادەملەر يېقىنلاشتۇق توپانغا.
يىغلىماقتا كۆك ئاسمان، يىغلىماقتا گىياھلار،
«نوھ كېمىسى» ياساشقا ئىمكان قالسۇن جاھاندا.

2004 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا

# «سادىر ئۆڭكۈرى» دە تۇۋۇلدىم ناخشا

بۈركۈت قىياسىغا قوندۇم بۈركۈتتەك،
تاشلار بىسلىرىدا تىتىلدى پەنجىم.
روھىڭ ئۇۋىسىنى تاپتىم جان بوۋا،
چەككەن رىيازەتكە يوق ئەسلا رەنجىم.

«جىن بار...!» دېدى بىراۋ ئىغىز ئۇششۇتۇپ،
ئەركىڭ پاناھلانغان ئۆڭكۈر ئىچىدە.
نېچۇن كۆپكۈندۈزدە تەشۋىش قۇچاقلاي،
سەن «جىن» قوغلىغانغۇ سۈرلۈك كېچىدە!...

مەغرۇر ھۆۋۈلىغاندا روھىم بۆرىسى،
نە «جىن» زۇلمەتمۇ ھەم تىترىدى لاغ ـ لاغ.
تۇتېم ئۆزلىكىگە قايتتىم مەن گويا،
ساڭا دەم سالغان كۆي ئەتكەندە باغ ـ باغ.

«سادىرمەنۇ سادىر...» دەپ مەن تۇۋۇلىسام،
«سادىرمەنۇ سادىر...» دەپ قايتتى سادا.
خائىن ئەمەس ئىكەن قەيسەر تاغلىرىم،
يۈرەك چوقانىمنى ئېلىشتى يادا!...

ئەركەك ئۇدۇم تۇغدى قەھرىمنى دۇنيا،
ھەيران قالما سادىر دېسەم ئۆزۈمنى.
تەشۋىش جاھالىتى يامۇللىرىدىن،
قېچىپ ئەمەس، ئېچىپ چىقتىم كۆزۈمنى.

«سادىر ئۆڭكۈرى» دە تولۇلىدىم ناخشا،
تەڭكەش بولدى ماڭا زېمىن ئاۋازى.
نۇسرەت چاقمىقىدا پەرلەندى قانات،
مېنى چاقىردى ھەم قۇياش پەرۋازى...

تالاق قىلمۋەتتىم ئازغۇنلۇقۇمنى،
يىتكەن ئىزنى تاپقاي ئۈمىد كارۋىنىم.
سۈكۈت ئۆڭكۈرىگە سىغماسمەن ئەمدى،
مالخاي قىرلىماقتا ئارزۇ ـ ئارمىنىم!...

2005 ـ يىلى 7 ـ ئاي، غۇلجا ناھىيە ئاقئۆزەن

# چوققىلاردا بىلەپ قايتتىم قەھرىمنى

ئوغۇزۇڭنى ئەمدى ناخشام ئاقئۆزەن،
ئاپئاق سۆيگۈڭ دولقۇنلىدى تومۇردا.
يەنە بىر رەت پاكلىنىۋالدىم روھىمنى،
سەندە سۈبھى چايقاپ ئاققان پاك نۇردا.

يېشىل دۇمبەل، تۆپىلەرگە ئۆرلىدىم،
يىلان يوللار خىيالەتكە چىرماشتى.
تاغ شامىلى يۈرىكىمنى ۋاراقلاپ،
پىنھان - پىنھان ھېسلار بىلەن سىرداشتى.

ئوتلۇق - ئوتلۇق ياققىنىمدا لېۋىمنى،
تاۋىنازۇك بۆلجۈرگەنلەر مەست بولدى.
«ئەرگىمۇ بىر، يەرگىمۇ بىر» قىياتاش،
كىم يېڭىلدى؟ سورىمىغىن بەس بولدى!

بۇلاقلارنىڭ شەھلا كۆزى قۇد تۇغدى،
سۇزۇك ئارمان يۇيدى ئازاب كىرىنى.
مات قىلىمەن! چۇچۇمەل تاغ ئۆرۈكى،
بۇ ھاياتنىڭ ئاچچىق - چۇچۇكلىرىنى...

تىزدىم ياۋا چېچەكلەردىن گۈلدەستە،
ئەمما كىمگە بېرىشىمنى بىلمىدىم.

«كۆڭۈل كۆزى كور...» دەيدىغان، بىراقتا
تىكەنلەرگە كۆڭۈل ئىزهار قىلمىدىم!

سادىر چىققان تاغلار ئالدى بېشىغا،
ساي ـ سايلارغا تۆكۈلۈۋەتتىم بەھرىمنى.
تەشۋىشلىرىم ئۆلدى بۈگۈن تامامەن،
چوققىلاردا بىلەپ قايتتىم قەھرىمنى...

2005 ـ يىلى 7 ـ ئاي، غۇلجا ناهىيە ئاقئۆزەن

# يۈرەك رىسالەم

دۇنيادىن يوشۇرغان مەخپىيىتىم سەن،
مۇقەددەس تۇيغۇمدا ئېچىلغان لالەم.
قەلبىمدىن ئىزدەيمەن ئاتەش ناخشىسى،
بىر ساڭا ئاياندۇر يۈرەك رىسالەم.

ئوربىتام بولالماس تېشى پال - پاللار،
بىر سېنىڭ ئىسمىڭنى قىلىمەن زىكىر.
ئاي ئاڭلاپ ئۇھسىنىپ كېتىدۇ ئۇزاق،
ئۇيقۇسىز كېچىلەر تىنىدۇ ئېغىر.

شادلىقنى ئىكاھلاپ ئالغۇم بار ئىدى،
ئەڭ ئاچچىق بىر ھەسرەت ئۆتتى ئەمرىمگە.
بۇ دۇنيا ئۆتىمگە بىرەركەن لاپقۇت،
بىلمەيمىز بىز يەنە قەرزدار كىمگە؟!

مەن پەرۋازنامەمنى ئۇنتۇي دېگەندە،
ئىچكۇزدۇڭ ئەركىنىڭ دېمىدىسىنى.
دەس تۇردۇم قارا چۇش خارابىسىدىن،
خارامۇش ئەقىدەم تاپتى ئېسىنى.

سەن رايىش روھىمنى چۇۋۇپ توقۇدۇڭ،
«بۆرە» گە ئايلىنىپ تۇغۇلدۇم قايتا.

ئالتۇندەك سارغىيىپ ياشىغىنىم راست،
ئالتۇننى تېگىشىپ قويۇپ زالتايغا.

كوھىقاپ تۇرمۇشىنىڭ يەمچۈكى ئىكەن،
يالماۋۇز ئازابقا بولغانلار بايقۇش.
قاراڭغۇ كېچىدىن قايتتىم ئارماندا،
مۇمكىنمۇ؟ دىلدىكى قۇياشنى ئۇنتۇش.

يالقۇنلۇق كۈيلەرنىڭ قەقنۇسى مەن،
قايتالماس قىپ قويدۇڭ مېنى ئۇۋۇامغا.
شۇ تاپتا قانلىرىم شارابلانماقتا،
لەۋلىرىڭ ئوت قويدى رومانتىكامغا.

دۇنيادىن كېتىمدۇ سوئال پېتىچە،
مۇمكىنسىز بەختتىن كۈتكەنلەر تەخت.
سۆيگۈسىز «جەننەت» تىن ۋاز كەچتىم ئاخىر،
سەن ئۇچۇن دوزاخنى سۆيۈشمۇ بەخت!...

2005 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا

# ئەسسالام «بەيتۇللا» غۇلجام يۈرىكى

مەن ئازغۇن ئىستەكلەر تونىنى سالدىم،
ئەسسالام «بەيتۇللا» غۇلجام يۈرىكى ،
چىن ئىخلاس كۆيۈشكە ئۇن قاتقۇم كېلەر،
سەندە بار مۇقەددەس روھنىڭ تۆۋرىكى.

بىر زامان جور بولغان بىلال نازىمى،
سەن ئېيتقان سائادەت ناخشىلىرىغا.
چاقماقلىق ئويلاردا دەككە بەرگەن ئۇ،
قاراڭغۇ ئىدىيە باخشىلىرىغا...!

رىغبىتى بۆيۈكتۇر پاك دىل بوۋامنىڭ،
ئۇ ھامان «قۇياشنى سۆيۈشنى بىل» دەر.
«پاجىئە چۈشەنسەڭ يۈرەك زۇلمىتى،
قەلبىڭنى ئەڭ ئاۋال نۇر ئىشقىغا بەر...!»

ئولتۇرۇپ تەپەككۇر ئېتىكاپىدا،
سىيرىدىم ئويغاق ھېس تەسۋىلىرىنى.
شۇ ئۆلمەس ھېكمەتنىڭ ئالتۇن يىغىنىسى،
ئىلماقتا قارا دىل ئەسۋىلىرىنى...!

مىڭ ھەيكەل تىكلىسەڭ ئازدۇر، نازىمدەك،
يۈرەكنى مەشئەل قىپ كۆتۈرگەنلەرگە.

ھەيرانمەن، تەركىبلىك خامۇشلۇقىدا،
يارالمىش شامىنى ئۆچۈرگەنلەرگە.

«يىلتىزدىن سىپسىيدۇ دەرخ» دەيتتى ئۇ،
بىشارەت بېرىپ روھ ھالاكىتىدىن.
سۇبھىنىڭ چىلىلىشى ئىدى ھەر لەۋزى،
سەگىيتتۇق نەزمىسى دالالىتىدىن.

سۆيۈلەر نىجاتلىق ئىزدىگۈچىلەر،
ياخشىلىق تۇتىشار جەننەتكە ئۇدۇل.
كىم خۇشتار ئازغۇنلۇق جۆيلۇشلىرىگە،
ئاقىللار ئوينىماس نەيرەڭگە ئۇسسۇل.

«بىز نۇرغا قەرزدار»دېگىنى بەرھەق،
بۇنى بەك كېچىكىپ تۇيۇۋاتىمىز.
غاپىللىق ھۆكمىنى دەپىنلەپ قويدۇق،
بىز جۇنۇپ ۋۇجۇدنى يۇيۇۋاتىمىز.

ئەينەكتۇر تارىخنىڭ ھاقارەتلىرى،
يورۇماس دىل ئۇنى ئوقۇپ چىقمىساق.
بۇ تەتۇر ئۆزلۈكنى تەلتۆكۈس چۈۋۈپ،
بولمايدۇئوڭ قىلىپ توقۇپ چىقمىساق.

شۇ ۋەجى سايرايمىز «بىلال نازىم» دەپ،
گۆھەرگە تېگىشمەس ئۇنى ئەل-ۋەتەن.
بار سۇبھىدەمدىمۇ ئۇخلاۋاتقانلار،
ئەمما، ئۇ زۇلمەتتە تۇرۇپ نۇر ئەمگەن.

خەير-خوش! «بەيتۇللا» غۇلجام يۈرىكى،
ئۆتىمەن قۇياشنىڭ ئىمتىھانىدىن.
ئايلىنار جاھالەت خەيرەندىسىگە،
قۇرۇق قول چىققانلار ھېكمەت كانىدىن!

2006 -يىلى 5 - ئاي، غۇلجا

# خوش! توققۇزتارانىڭ ئايسىز كېچىسى

ئاي مۆككەن كېچىسى توققۇزتارانىڭ،
يار خىلۋەت كوچاڭنى ئارىلىدىم جىم.
«ئاي!» دېسەم ئاي بولۇپ چىقاتتىڭ بىر چاغ،
بۇ كېچە ئالدىمغا چىقمىدى ھېچكىم.

شېئىرغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىسمىڭنى،
تىنماستىن زىكرى قىپ پۈتتى ئاۋازىم.
ھىجرانكەش بۇلبۇلنىڭ نالەشلىرىدەك،
ئەلەملىك ئۇنلەيدۇ بۇ يۈرەك سازىم.

تۇن دەيدۇ: «قايتىلاپ چىقماس ئاي بولۇپ،
توي كۈنى باقىيغا ئۇزىدى ئايقىز».
مەسخىرە قىلغاندەك يولسىز نىكاھنى،
سەن ئېلىپ كېتىپسەن قەلبىڭنى پاكىز.

يېگانە ئاشىقنىڭ ھەسرىتى ئەلۋەك،
تىڭشىغىن بۇلۇتلۇق كۆڭلۈمنى ئاسمان.
زارىمنى ئېيتمىدىم سەندىن بۆلەككە،
دەردسىزلەر دەردىمنى قىلمىدۇ داستان.

چايقىلار قەلبىمدە لىققىدە خۇناپ،
دەردداشسىز سۆيگۈنىڭ ۋىسالسىزلىرى.

## مەڭگۈلۈك ئىزدەش

ياردىدار كۆڭلۈمنى ئەمدىسۇن قانداق؟
پانىينىڭ ئامەتكە ئامراق قىزلىرى.

تاشكەنتساز كوچىسى چۇشۇردۇم يېرىم،
ئەقىدە تۇغۇمنى مەيۇس دوقمۇشتا.
بۇ كېچە ئايمۇ يوق، ئايقىزىممۇ يوق،
ئوخشىدىم جۇپتىدىن ئايرىلغان قۇشقا.

تاڭ قالدىم تەقدىرنىڭ خەسىسلىكىگە،
مەن كىشنەي دېسەملا يۇگەن سالدۇ.
نېمىنى دىلىمدىن ئارزۇلاپ سۆيسەم،
ئاھ ، شۇنى قىزغىنىپ تارتىۋالدۇ.

شىكەستە جىسمىمغا دوست تارتتى ئەنسىز،
مەن كەبى دەردلەنگەن ئاپرېل شاملى.
چوكانتال شېخىدا چۇۋۇرلار قۇشقاچ،
دېگەندەك: كەلدىڭمۇ؟ سۆيگۇ قاتىلى.

بۇلۇتلار باغرىنى يېرىپ چىقتى ئاي،
قاپقارا چايشاپنى قايرىغاندەك يار.
هايالسىز يۇزىنى ياپتى ئۇ يەنە،
هارسىنغان قەلبىمنى قىلغۇچە ئىزهار.

سۆيگۇسىز هاياتنىڭ كۇلكىسى سۇنۇق،
مەن ئەمدى ئاي ئىزدەپ نەلەرگە باراي؟
مەززىسىز تۇيۇلار ۋىسالسىز دۇنيا،
بىر مۇدهىش قەبرىدۇر ئايقىزسىز ساراي.

يار ئالتۇن بويۇڭغا چىرماشقان كەبى،
باغاشلاپ تۇرىمەن ئايىسىز ئاخشامنى.
ئەي، پەلەك كىمگىمۇ ئېيتىپ بېرەرمەن؟
بەرگىدىن قان تامچىپ تۇرغان ناخشامنى.

مەن قايتتىم تاشكەنتساز باغرىدىن غەمكىن،
جۇدالىق تاغلىرى باستى يەلكەمنى.
خوش! توققۇزتارانىڭ ئايسىز كېچىسى،
ئايغا زارىقىپ قويدۇڭ يۈرەك كۆلكەمنى...

2006 ـ يىلى 10 ـ ئاي، غۇلجا

# چولپانلار ياتىدۇ «چولپان مازار»دا

باغرىڭغا باش قويدۇم ئانا كۆكدالام،
يۈرىكىم كىينىگەن چاغدا باھارنى.
بىغۇبار ئىستەكتە ئەيلىدىم تاۋاپ،
پاك روھلار ماكانى «چولپان مازار» نى.

«قەبرىنى يوقلىغان قەدىرسىز قالماس»
دەپ ۋەزمىن شىۋىرلار شىۋاق باسقان يول.
قەلبىمدە كۆكلىدى ئىخلاس سۈرىسى،
مەن ئاپئاق دۇئاغا كۆتۈرگەندە قول.

ئىزىمغا پاياندار يايدى يۈلغۈن قىز،
نەقەبرە يۈكۈندۈم گۈل- گۈلىستانغا.
مۇھەببەت لەۋزىدە سايرىدى قۇشلار،
يۈرىكىم ئايلاندى بۇلبۇلىستانغا.

بۇ يەردە ياتىدۇ قۇياش سۆيگەنلەر،
لەھەتلەر سۈرىنى نۇرلارغا ئوراپ.
ئۇلارنىڭ ئاپتاپلىق تىلەكلىرىنى ،
نۇر تىلەپ يۈرگەنلەر بولالماس دوراپ.

زىخرۇللا قەبرىسى سەپنىڭ ئالدىدا،
تۇرىدۇ «ھۇررا»غا تۇۋلاۋاتقاندەك.

ناخشىسى جور ئاڭا روھداشلىرىنىڭ،
بىلىنەر ئۆلۈمنى ئوۋلاۋاتقاندەك.

يىغلىماي كەتكەندەك باقىيغا ئۇلار ،
جەبىرنى مازاقلاپ كۈلگىنى- كۈلگەن.
ئاھ ، بىراق پانىيدا قورققاقلار تولا،
كۈندە مىڭ مەرتىۋە ئۆلگىنى ـ ئۆلگەن.

ھاياتنىڭ ۋەزنىنى دەڭسەركەن ئۆلۈم،
مەۋجۇتلۇق ھەققىدە ئويلارغا چۆكتۈم.
ئۆلۈمسىز ھەقىقەت قىلدى ساۋاتلىق،
غۇلىماس ئارماننى يۈرەككە پۈكتۈم.

بۈيۈكلۈك جۇلاسى بولاركەن مەنسۇپ،
روھىنات يۇلتۇزى ئۆچمىگەنلەرگە.
يىقىلماس ئابىدە تىكلەركەن قۇياش،
ئۆلسىمۇ دىللاردىن كۆچمىگەنلەرگە.

بىز شۆھرەت تالىشىپ ياشاۋاتىمىز ،
تىرىكلىك دېگەن بۇ چاپچاپ بازاردا.
قەرزدار قىپ قويۇپ تالاي شۆھرەتنى،
چولپانلار ياتىدۇ «چولپان مازار» دا.

ياخشىنى بەك بالدۇر چىللاركەن ئۆلۈم،
ياراتماس چېغى بار ئۆلۈمتۈكلەرنى.
قۇياشنىڭ مەڭگۈلۈك خەيرەندىسى دەك،
نە زېمىن قەبرىگە جىسمى يۈكلەرنى.

ئۆزگىلەر تىرىككە تۆر راسلاپ ھەلەك،
بىزچۇ- بىز ئالدىن گۆر قېزىپ قويارمىز.
پەرقسىز ھەممىنىڭ قەبرىنامىسى،
«ئۇ مەڭگۇ ھايات» دەپ يېزىپ قويارمىز.

قەلبلەر تەختىگە دەپنىلەنگۇسى،
ئەل ئۇچۇن كۆزلىرى ئوچۇق كەتكەنلەر.
ئۇنتۇلار ئالتۇندىن گۇمبەز سالسىمۇ،
پۇل بىلەن روھ ياماپ يوچۇق ئەتكەنلەر.

2007 ـ يىلى 5 ـ ئاي، غۇلجا

# قۇياشقا ئارمانداش ناخشا ئېيتىمەن

زېمىننى سۆيمەكتە قۇت تىلەكلىرى،
شەپەقنىڭ مەغزىدە چايقىلار كۆلكە.
ئېھ، يەنە مەي تۇتتۇم باھار لېۋىدىن،
بۇ قەلبىم ئايلىناي دەپ قالدى گۈلگە.

پاكىز ئىشقىنى قىلدى تەسەددۇق،
ئەمدىلا رەسىدە بولغان لالىلەر.
يەتتە قات ئاسمانغا يەتتى بۇ بېشىم،
«بالام!» دەپ سۆيگەندە چەكسىز دالىلار.

چاقنايدۇ روھىمنىڭ كۆزلىرىدە نۇر،
مەپتۇنكار ۋادىنى كېزىۋاتىمەن.
بىر تاتلىق ئىخلاسنىڭ ئەللەيلىشىدە،
ئۆزۈمنى شاھىنشاھ سېزىۋاتىمەن.

ئاتامدىن، ئانامدىن ئايرىدى دۇنيا،
مىڭ شۈكۈر! ۋەتەنسىز قالمىدىم بىراق.
يوق قارا يېتىملار قاتارىدا مەن،
ئۆگەيلىك قايغۇسى جىسمىمدىن يىراق.

كۆيلىرىم چۈشەكسىز ۋەتەن مېھرىدە،
ئەركىمەن مۇھەببەت دەريالىرىدەك.

كۆرۈنەر ۋەتەننىڭ تىكەنلىرىمۇ،
جەننەتنىڭ ھۆر- پەرى بەرنالىرىدەك.

ئۇتلۇق بىر ئىشتىياق تۇغماقتا مېنى،
باغلىرىم نازىدا ئالەمچە سېھىر.
ئۆز گۈللەر مەي قىلار ئىلھاملىرىمنى،
قۇش تىلى يازىدۇ يۈرەككە شېئىر...!

بەختىمنىڭ يىلتىزى زېمىنغا تۇتاش،
سۆيگۈدىن بىخلايدۇ مېنىڭ ئاۋازىم.
قۇياشقا ئارمانداش ناخشا ئېيتىمەن،
قاناتسىز دىللارغا سىغماس پەرۋازىم.

2007 ـيىلى 6 ـ ئاي، غۇلجا

# قۇياشلىق ئۇپۇقتا مېنىڭ مەنزىلىم

قۇياشلىق ئۇپۇقتا مېنىڭ مەنزىلىم،
ھاياتلىق ناخشامنىڭ ۋەزنى بەك ئۇلۇغ.
نۇر ئاقار كۆيلىرىم تومۇرلىرىدا،
سەھەرنىڭ كۈلكىسى كۆتۈرگەندە تۇغ.

بوغنۇققان يۈرەكلەر ئۇچۇن ئەرمەكتۇر،
پارلاق بىر ئارماندا ئەپسانە توقۇش.
ھەركىمگە تېپىشماق ماڭلاي يازمىشى،
تىلسىمدۇر ئىلاھىي قۇرلانى ئوقۇش.

قەپەسلەر بەھرىدىن كۈتمەيدۇ قونداق،
پايانسىز پەرۋازغا ئۆگەنگەن يۈرەك.
بۇ روھىم قانىتى ئىنتىلەر ھەر دەم،
چۈشەكسىز ئەركىنى قىلماقتا كۆرەك.

غايىلەر جىلۋىسى ئۆگەتتى بىزگە،
ئەتىنى بۈگۈندىن گۈزەل دېيىشنى.
ھاماقەت، ئەقلىگە ئۇدۇم قىلغانلار،
كۆز ياشقا تۈگۈرۈپ نانلار يېيىشنى.

پىل كەبى كۈچتۈڭگۈر سانالساقمۇ بىز،
قىل بىلەن باغلىنار تەپەككۇرىمىز.

گاھىدا كىشنەشكە قادىر تۇرۇقلۇق،
رامكىلار رايىچە خىيال سۇرىمىز.

كۆپۈككە ئايلىنار ئۈمىدلەر بەزەن،
ۋە توزار مامكاپىنىڭ توزغاقلىرىدەك.
جانغىمۇ مەجبۇرەن سويۇلماق باردۇر،
دەرەخنىڭ شىلىنغان قوۋزاقلىرىدەك.

بايقۇشنى يانجىيدۇ ھايات بازغىنى،
قۇرتتەك مىجىلىپ يۇرگەنلەر مىغ - مىغ.
يالتىراپ تۇرىدۇ مىسران روھىمىز،
بىز ئۇلۇغ يانغىندا سۇغۇرۇلغان تىغ.

چەيلىنىپ ياشايدۇ ئەخلەت ئادەملەر،
كۆنۈككەچ ئىبلىستىن ئىمكان سوراشقا.
ئاھ ، ئۇلار خۇشتاردۇر ئالتۇن بېشىغا،
ئازابنى پايتىما قىلىپ ئوراشقا..!

نەئۇچۇن چاقناشتىن بەزگۈدەكمىز بىز،
چاقماقلار ئۇدۇمى كۈتۈۋاتقاندا.
نۇسرەتلىك قۇياشنىڭ يوقلىمىسىدىن،
«مانا بىز تىرىك!» دەپ ئۆتۈۋاتقاندا.

بىز تەرك ئەيلىدۇق قۇرۇق ئىمىزەكنى،
زۇلمەتنى ئەمەيدۇ تىلەكلىرىمىز.
بەختىمىز كۈلكىسى بەرق ئۇرماقتا،
خەمەكسىز قالمىغاي پىلەكلىرىمىز.

بىز چاقلاپ تۇرمىساق ئەقىدىمىزنى،
مەھكۇملۇق ئۆلگۈرەر گۇناھ يېڭىلاپ.
بۇ رايىش تېنىمىز بولۇپ قالغۇسى،
يالتىراق ئارماننى مۇگدەتكەن غىلاپ.

چىقمىز تەركىيلىك خامۇشلۇقىدىن،
نۆلگە تەڭ تەقدىرنىڭ ئۆگەيلەشلىرى.
نۇر تېرىپ بىز خامان ئېلىۋاتىمىز،
تەبەسسۇم قىلماقتا بەخت چەشلىرى.

2007 ـ يىلى 7 ـ ئاي، غۇلجا

# قەسدە ئۇقۇيدۇ سەن ماڭغان يوللار

ئەي مېنىڭ سۆيۈملۈك بۇغداي ئۆڭ يارىم،
ئىشقىمنى ئۇۋۇلايدۇ بۇغداي سۆزلىرىڭ.
قەلبىمگە ئەڭ گۈزەل لىرىكا يازار،
بۇلاقلار نۇر ئەمگەن بۇلاق كۆزلىرىڭ.

قەلبىڭدە مىڭ باھار نازاكىتى بار،
بىر جىلۋەڭ دىللارنى پۈركەيدۇ گۈلگە.
سەن كىرگەن كوچىدا تۇنەپ قالار ئاي،
ئىزىڭغا ئەگىشىپ يۈرىدۇ كۈلكە.

سەن كۈلسەڭ ناخشىغا لىق تولار دۇنيا،
سەن سۆيسەڭ شېئىرغا ئايلىنار يۈرەك.
قەسىدە ئوقۇيدۇ سەن ماڭغان يوللار،
سەن ئەمما ھۆسنۈڭنى قىلمايسەن كۆرەك.

مەڭگۈلۈك ئەقىدەم لەۋزىگە شاھىت،
سەن ئۈچۈن ساداقەت كۈيى چالغىنىم.
ئاڭلانسۇن قۇياشنىڭ يۈرەكلىرىگە،
«مەن ساڭا مەنسۇپ!» دەپ چوقان سالغىنىم.

2007 ـ يىلى 9 ـ ئاي، غۇلجا

# ئاق تىلەكلەر نۇرلاندۇرار يولۇمنى

رەنجىمەسمەن بەخت باقسا سول كۆزدە،
ياشاپ كەلدىم ھاياتتىن قۇت ئاختۇرۇپ.
ئادەملىكىم مەڭگۈ راۋا كۆرمەيدۇ،
ئازاب يۇدۇپ ياشىماقنى «ئاھ !»ئۇرۇپ.

مەيلى قاپاق تۇرسە تۇرسۇن بۇ تەقدىر،
كۇندە بىر رەت يېڭىلايمەن كۇلكەمنى.
تەبەسسۇمۇم يۇيۇۋېتەر پاك- پاكىز،
شادلىقىمغا ئۇۋا سالغان ئەلەمنى.

مېھنەتلەردىن قەدىر ئىزدەش ئادىتىم،
ساخاۋەتكە تەڭلىمەسمەن قولۇمنى.
ئەسلا نامەرد كۆۋرۈكىدىن ئۆتمىدىم،
ئاق تىلەكلەر نۇرلاندۇرار يولۇمنى.

ئىمتىھانى جىق ھاياتنىڭ دوستلىرىم،
«ئالتۇن» بىلەن «مىس» نى لىللا ئايرىيدۇ.
ئادالەتنىڭ قازىسىدۇر ھەقىقەت،
«ئاق» ، «قارا» نىڭ چۇمبىلىنى قايرىيدۇ.

ئۇمىدىمگە پەرۋاز تىلەر ياخشىلار،
نا ئەھلىلەر ئىزىدىن ئات چاپمىدىم.

يارقىن ـ يارقىن چاقنىشنى ئەقلىمنىڭ،
رەزىللەرنىڭ ھەممىتىدىن تاپىمدىم.

ياۋ توقۇغان ئارغىماقتا مىنمىدىم،
ئازغۇنلارنىڭ نەيرىڭىدىن پەخەسمەن.
مېنىڭ رىزقىم ھالاللىقتىن كۆكلەيدۇ،
تەييارتاپلىق گېزەندىسى ئەمەسمەن.

ھەيران قالماڭ مېنىڭ نامۇ ـ نىشانىم،
گۈلگۈن تاڭلار جامالىدەك يورىسا،
نۇرلۇق جاۋاب بېرەلەيدۇ يۈرىكىم،
ئالتۇن قۇياش نۇرلۇق ناخشا سورىسا.

2008 ـ يىلى 3 ـ ئاي، غۇلجا

# دولقۇن روزى شېئىرلىرىدىكى تىراگېدىيەلىك گۈزەللىك ۋە مۇزىكا

## تۇرسۇنمۇھەممەت توختى

شائىر چەكسىز تەنھالىق باياۋانىدا قىسمەتتىن ئىبارەت ئاچچىق «تاماكا»نى ئۇلۇغ شوراپ، ئۇچقۇر خىياللىرى ۋە پايانسىز تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق ئەڭ گۈزەل چۈشلىرىنى ئىزدىگۈچى. مانا مۇشۇنداق مۇقەددەس روھقا ئىگە شائىرلارلا ئەنئەنىۋي شېئىر ئۇقۇمىدىكى تار رامكىچىلىق ئىدىيەسىدىن ھالقىپ، شېئىرنى تۇرلۇك مەنىۋى چۈشەكلەردىن خالاس قىلىدۇ. ئۇنى ئەسلىي ماھىيىتىگە قايتۇرۇپ كېلەلەيدۇ.

مەنىۋى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قالدۇرۇلغان شېئىر قاناتسىز قۇشقا ئوخشايدۇ. قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىزدىنىش روھىغا باي بىر قىسىم ياش شائىرلىرىمىز شېئىردىن ئىبارەت بۇ ئەركىن قۇشنى تۇرلۇك مەنىۋى چۈشەكلەردىن خالاس قىلىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۆز پەرۋازىغا ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.بۇ قاتاردىكى ئاۋانگارت شائىرلارنىڭ بىرى ياش شائىر دولقۇن روزىدۇر. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىنى ساپ شېئىرلارغا خاس ماھىيەتلىك دېتاللار بىلەن تويۇندۇرۇپ، تاۋلانغان شېئىرىي تىلىنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزگىچە بەدىئىي ئوبراز ۋە ئېستېتىكىلىق دۇنيا يارىتىپ، شېئىرنى سەنئەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان، قايناق لىرىكىلىرى بىلەن

ئوقۇرمەنلەرنىڭ نازۇك قەلبىنىڭ سىرلىق قوۋۇقىنى چېكىپ كېلىۋاتقان تالانتلىق ياش شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. مەن دولقۇن روزى شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ھەققىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى لايىق تاپتىم.

## 1. دولقۇن روزى شېئىرلىرىدا يارىتىلغان تىراگېدىيەلىك گۈزەللىك

كىشىلىك تۇرمۇش تىراگېدىيەگە تولغان بولىدۇ. يالغۇز ئۆلۈملا تىراگېدىيە بولۇپ قالماستىن، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى يوقىتىشلارمۇ تىراگېدىيە ھېسابلىنىدۇ. «شېئىرىيەتتىكى تىراگېدىيەلىك ئاڭ، كۆز ياش، چۈشكۈنلۈك، خورسىنىش بولماستىن بىر خىل مەسئۇلىيەت ۋە يۈكسەك ۋىجدانىي بۇرچتۇر. شائىر روھىدىكى تىنىمسىز تىت ـ تىتلىق بىر خىل ۋەزىندار قايغۇ، بىر خىل يۈكسەك مەسئۇلىيەت ۋە بىر خىل ئالىيجاناب ۋەزىپىدىن ئىبارەت. شائىرلارنىڭ ئاخىرقى مەنىۋى مەنزىلىنى ۋە ھاياتلىقنىڭ مەڭگۈلۈك ھەقىقىتىنى ئىزدەش يولىدىكى پۈچىلىنىشلىرىنىڭ ئۆزىلا تىراگېدىيەدۇر.» دېمەك، شائىر ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالغان تىراگېدىيەنىڭ ئارقىسىغا چەكسىز گۈزەللىك يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شائىرلار ھاياتلىق تىنىۋشلىرىغا ئەڭ تۇيغۇنلۇق بىلەن ئىنكاس قايتۇرغۇچىلار ۋە ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى تەنھالىقى، ئاچچىق ئازابلىرىنى ئەڭ ئاۋۋال سەزگۈچىلەر ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە تىنماي خىيال سۈرىدۇ، خورسىنىدۇ، ھەمىشە تىراگېدىيەلىك تۇيغۇلارنىڭ قورشاۋىدا ياشايدۇ.

كەچ كۆز ئاخشىمى كېلىمەن يالغۇز،
ئاسمان يېشىغا چىلانغان شەھەر.
سوغۇق نۇر چاچار كوچا چىرىغى،
ئۇزاق بىر قىشتىن بەرگەندەك خەۋەر.

ماڭغىن يولۇڭغا رودۇپاي تاكسى ،
سەنمۇ قەپەس سەن، ئەيلىدىم تەرك.
قەدىر سۇنغاندا، يانجىلغاندا دىل،
يامغۇردا قېلىشنىڭ ئۆزى بىر ئەرك.

بەك ئېسىل تاللاشتۇر روھ يۇيۇشقا تۈن،
چىقاي سېرىقتال ئويلار سىرتىغا.
باقماس پەلسەپەم قۇلاق سال هايات،
ۋۇجۇدنى بوغقان شەكىل رايىغا.
«يىقىلغان يەردىن دەس تۇرار يىگىت» شېئىرىدىن

شائىر ئۆز رېئاللىقى ۋە مەنىۋىيىتىگە دادىل يۈزلىنىپ چۈشەكسىزپەرۋازنامە ئىزدىگۈچى. ئۆز روھىنى بوغقان دۇنياغا جەڭ ئېلان قىلغۇچى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئادەمنىڭ هالاكىتىنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن مەنىۋى دۇنيادىكى بەرباتلىقتىن باشلىنىدىغانلىقىدا شەك يوق. بۇ خىل مەنىۋى بەرباتلىقنى ئالدى بىلەن روھىي جەھەتتىكى سىقىلىش، بېكىنمىچىلىك، ۋۇجۇدنى بوغىدىغان كۆرۈنمەس ئاڭ رامكىلىرى، ئادەمنىڭ ئۆز رېئاللىقىغا بولغان ئاسىيلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەم ساغلام روھتىن قانچىكى ياتلاشسا، ئادىمىيلىك قەدىر- قىممىتىمۇ شۇنچە سۇنۇشقا باشلاپ، خورلۇق ۋە ئاچچىق قىسمەتلەر قايىنىمىغا غەرق بولىدۇ. شائىردولقۇن روزى يۇقىرىقى مىسرالىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى مەنىۋى جەھەتتىكى بېكىنمىچىلىك

كەلتۈرۈپ چىقارغان بوغنۇقۇش بويۇنتۇرۇقلىرىدىن قۇتۇلۇپ مەنىۋى مۇكەممەللىك ئىزدەشكە، قەلب ئالىمىنى نۇرلاندۇرۇشقا، قەيسەرانە روھ بىلەن يىقىلغان يېرىدىن دەس تۇرۇپ ياشاشقا ئۈندەيدۇ. شائىرنىڭ نەزىرىدىكى تىراگېدىيە ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ھالاكىتى، مەنىۋى بەرباتلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان پاجىئە بولماستىن، بەلكى شائىرنىڭ ئېتىقادىنى، ئەقىدىسىنى تاۋلايدىغان مۇقەددەس يالقۇندۇر. دېمەك، شائىرنىڭ روھى گويا تۆمۈر يالقۇن ئىچىدە تاۋلىنىپ چىققاندەك ئېستېتىك ۋەزىنگە ئىگە تىراگېدىيەلىك تۇيغۇلارنىڭ ئوچىقىدا تاۋلىنىشى كېرەك. شائىر مەنىۋىيىتى بىلەن مەۋجۇت رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسەلەشتۈرگىلى بولمايدىغان تىراگېدىيەلىك توقۇنۇش شېئىرنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. دولقۇن روزى «شائىرنىڭ تىراگېدىيەلىك چۈشەنچىسى، ئۇنىڭ قەلبىدىكى شېئىر ياردىلىدىغان ئېستېتىكىلىق دۇنياغا يىلتىز تارتقان بولىدۇ. ئۇ ياراتماقچى بولغان ئېستېتىكىلىق يۈكسەكلىك تىراگېدىيەلىك تۇيغۇلارنىڭ يالقۇنىدا تاۋلىنىشى كېرەك. شۇچاغدا شائىر تىراگېدىيەنىڭ قۇربانى بولۇشتىن ئىبارەت پاجىئەلىك قىسمەتتىن قۇتۇلالايدۇ. تىراگېدىيە تۇمانلىرى ئىچىدىن دەس تۇرۇپ ئۆزىگە مەنسۇپ گۈزەل ۋە يېپيېڭى دۇنيانى ئۇمىدۋارلىق بىلەن قۇچاقلىيالايدۇ» دەپ قارايدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شېئىردىكى ئېستېتىكىلىق ئوبراز «تۈن»، ئەسلىدىكى ماددىيلىقى ۋە تۇرغۇن ھالىتىدىن ھالقىتىلغان، ئۆزگىچە ئېستېتىكىلىق ئەركىنلىككە ئىگە قىلىنغان سىمۋوللۇق ۋاستە بولۇپ، ئۇ، بىز دائىم تەسەۋۋۇر قىلىپ كېلىۋاتقان نوقۇل زۇلمەت رامكىسىغا بەنت قىلىنغان تۈن ئۇقۇمىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. شائىر ئۇنىڭ باغرىدا، ئۆزىنىڭ پاكىز تۇيغۇلىرى بىلەن ئۆز روھىنى يۇيۇشقا قادىر.

ئۇ ھېسسىي ئوبراز «تۇن» نىڭ مەنىۋى قۇدرىتىدىن ناھايىتى جايىدا پايدىلانغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ تىراگېدىيەدىن ھالقىپ گۈزەللىك يارىتىش غايىسىنى ئىپادىلەش ۋە زۇلمەت پەردىسى-نى قايرىپ تۇرۇپ ئەتىكى قۇياشنى قۇچاقلاش ئارزۇسىنى رې-ئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئىستىكىدە بولىدۇ. شائىر يەنە ئۆز رو-ھىيىتىدە تۆرىلىۋاتقان جۇشقۇن، يۈگەنسىز ، قايناق ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئەركىن تەسەۋۋۇر بوشلۇقىدا قاناتلاندۇرۇپ، كەڭ ۋە چوڭقۇر مەنە ئىپادىلەيدىغان سىمۋوللۇق بەدىئىي ئوبراز يا-رىتىش ئارزۇسىنىمۇ رېئاللاشتۇرىدۇ. شېئىردىكى «كەچ كۆز ئاخشىمى»، «ئاسمان يېشى»، «رودۇپاي تاكسى»، «سوغۇق نۇر»، «سېرىقتال ئوي» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ئۆزگىچە سىمۋول-لۇق قاتلامغا ئىگە قىلىنغان بولۇپ، شېئىرنىڭ سىمۋوللۇق دەرىجىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش رولىنى ئوينىغان. شائىر ئۆزد-نى ئەركىنلىك قۇچىقىغا تاشلاپ، ئۆلۈك سەلبىيەت ئۇقۇمى تەبىرىدىن قۇتۇلدۇرۇلغان ئېستېتىكىلىق ئوبراز «ئاسمان يې-شى» ئارقىلىق ۋۇجۇدىنى يۇيماقچى ۋە بارلىق رەزىللىكلەرنى پاكلاشقا قادىر «تۇن» سېھرى ئارقىلىق روھىنى پاكلىماقچى بولىدۇ. يوقىتىش ئىچىدىن ئېرىشىش، مۇمكىنسىزلىك ئىچد-دىن مۇمكىنچىلىك، ئازاب ئىچىدىن بەخت ئىزدەيدۇ. شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، شائىر بۇ يەردە شېئىرنى كۆز ياش، چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك پۇرىقى گۈپۈلدەپ تۇرىدىغان يىغلاڭغۇ تۇيغۇلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىغا، تىراگېدىيەلىك مۇڭلار-نىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن ساقلانغان. تىزگىنسىز تەسەۋۋۇر كۆچىدە گۈزەل بىرخىل مەنىۋى ھالقىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، يارقىن تىراگېدىيەلىك گۈزەللىك ياراتقان. بىز شې-ئىر رېئاللىقىغا يۈزلەنگىنىمىزدە، تەنھالىق ۋە غېرىبلىقنىڭ ياڭقۇنلىرىداپۈچۈلىنىۋاتقان «مەن» نىڭ تىراگېدىيە قامالىدىن

دادىل بۆسۈپ چىقىۋاتقان غالىپ روھىيىتى بىلەن ئۇچرىشىمىز.

هېس قىلدىم كېچىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى،
كىرگەندە چۈشەكسىز چۈشلەرگە باشلاپ.
قۇياشنى سۆيۈشنى ئۆگەتتى ماڭا،
ۋە دېدى: «يورمىگىن زۇلمەت ھاپاشلاپ» !

كېچىنىڭ مەۋجۇتلۇق پەلسەپىسىچە،
گۇمراھلىق سانىلار مېڭىسىز ياشاش.
ئەتىگە ئەقىدە باغلىغانلارنىڭ،
ئىرادە ناخشىسى تۆكمەس ئىكەن ياش.

تۈن پەقەت دەپىنلەر ئۆلۈمتۈكلەرنى،
ماڭدامدا راسلاقلىق ئۇلارغا بىر دار.
مەن ئەسلا ئەمەسمەن جۇۋاز كالىسى،
بۇ روھنىڭ يۈكسەك بىر ئوربىتىسى بار.

تۈن كۆركى بەختكە ئۇزاتتى مېنى،
بەختنى ھېس قىلىش يېرىم بەختتۇر.
قۇياشقا يۈزلىنىپ تولغىنىدىم ناخشا،
دولقۇنلاپ ئاقماقتا تومۇرۇمدا نۇر.
«قۇياشقا يۈزلىنىپ توۋلىدىم ناخشا» شېئىرىدىن

«سىقىلىشقا باشلىغان يۈرەك كېڭىيىش ئىمكانىيىتى تاپالمىغاندا، ئۆز روھىنى قېزىشقا باشلايدۇ». بىز دولقۇن روزى شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، گويا چوڭقۇر يەر قاتلاملىرىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ماگمىدەك شائىر ۋۇجۇدىنىڭ ئىچكى

قاتلاملىرىدا چوڭقىمىغا ئايلىنىپ چىڭقىلىشقا باشلىغان ساپ تۇيغۇلارنى ۋە چىڭقىلىشتىن يۇلقىنىۋاتقان روھنى بايقايمىز. ئۇ بۇ خىل سىقىلىۋاتقان روھقا شېئىر ئارقىلىق ئەركىن پەرۋاز ئاتا قىلىشقا، شۇ ئارقىلىق ئۇنى تىراگېدىيەدىن ھالقىغان گۈزەل ئالەمدە سەير قىلدۇرۇشقا ئىمكانىيەت ياراتقان. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل تەنھالىق، غېرىبلىق شائىرنى شېئىردىيەتلىك تۇيغۇلار قۇچىقىغا تاشلاپ، ئۇنى ھەقىقىي شائىرغا ئايلاندۇرىدىغان مەنىۋى يالقۇندۇر. دېمەك، بۇخىل ئاچچىق پۇچۇلىنىش سېزىمىنىڭ تەمىنى تېتىمىغان شائىرنىڭ ھەقىقىي شائىر بولالىشى ناتايىن. شائىر دولقۇن روزى مۇشۇ خىل مۇقەددەس مەنىۋى يالقۇنغا ئۆز ۋۇجۇدىنى ئورغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر.

ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، شائىرنىڭ غېرىبلىقىنى بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى تىراگېدىيەسىگە كۆڭۈل بۆلۈش، قايغۇرۇش ئىستىكى، ئېلېكترون ۋە ئۇچۇر دەۋرىنىڭ كۈچلۈك خىرىسى، بۈگۈنكى دۇنيا كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن، رەھىمسىز ياتلىشىش ھەمدە ئۇنىڭ كەسكىن رىزىق كۈرىشى پەيدا قىلغان رىقابەت ۋە خىرىس ئالدىدىكى ئېسەنكىرىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن رەھىمسىز تاللاش ۋە شاللاش بېسىمىدىن گاڭگىراشقا باشلىغان خەلقىنىڭ تەنھالىقى، تەرەققىيات ئالدىدىكى غېرىبانە بويۇن قىسىشلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىز بۇنى يەنە شائىرنىڭ كۈچلۈك مىللىي بۇرچ تۇيغۇسى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىدىنمۇ چەتكە قاقالمايمىز. چۈنكى شائىر چىن سۆيگۈ، ۋاپا، ئىنساب، ھەققانىيەت ۋە ساپ روھنىڭ كۈيچىسى، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بەخت سائادىتى ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلغۇچى. شائىرنىڭ سەۋدالىقى، سەرسانلىقى بىلەن رېئاللىقنىڭ

توقۇنۇشى تەبىئىي ھالدا شائىرنىڭ ۋۇجۇدىنى ئاچچىق غېرىب-لىق شارابى بىلەن سۇغىرىدۇ. شائىرنىڭ غېرىبلىقى ھەرگىز-مۇ ئادەتتىكى بويۇن قىسىش ۋە شەخسىي قايغۇسى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان يەڭگىل غەم- قايغۇ بولماستىن، ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە ھارسىنىۋاتقان روھنىڭ سۈكۈناتتىكى غەليانىدۇر. شائىر دولقۇن روزى شېئىرلىرىغا بۇخىل غېرىبلىق غەلياند-لىرى قويۇق سىڭدۈرۈلگەن:

سىڭلىم، ئۆزۈڭ تەنھا سۇمۇرغسەن،
ئۇۋاڭ يوقتۇر ھېچبىر يۇرەكتە.
سېنىڭ مەستخۇش ناخشاڭنى تىڭشاپ،
خىيال كىرەر سانسىز چېچەككە.

تەبەسسۇمۇڭ سارغايسا بىۋاق،
مەجنۇن بولار ئەركە شامالللار.
باغاشلايدۇ بىرقۇچاق ھەسرەت،
سەن چىرمىشىپ سىر تۆككەن تالللا.

..............................

قۇلۇپلانغان روھىڭ ئالدىدا،
ئىشىك چېكەر تالاي سېغىنىش.
شائىر قىلدى سانسىز يىگىتنى،
سەن قەلبىڭگە يوشۇرغان بېھىش...

..............................

ئىزدىگىنىڭ ئاپتاپلىق چۈشتۇر،
تىرىك جەننەت سەن كۆتكەن باھار.
ئۇندا سۇلماس قەدىر گۈللىرى،
ياغماس يېشىل تۇيغۇرلارغا قار.

«سۇمۇرغ كۈيى» شېئىرىدىن

دېمەك، سېغىنىش ۋە تاتلىق زارىقىش ھىجراننىڭ ھا-سىلاتى. بۇ شېئىردىكى «سىڭلىم» تەقدىرىگە ئالاقىدار ئىز-تىراپلىق شېئىرىي كەيپىياتتىن، ۋىسال ئوتىدا پۇچىلىنىش-نىڭ شائىر ۋۇجۇدىنى غېرىبلىق تۇيغۇسى بىلەن سۇغۇرغانلى-قىنى ھېس قىلىمىز. بۇ خىل غېرىبلىق سانسىز يىگىتلەرنى سېغىنىشنىڭ سەۋدالىقىغا مۇپتىلا قىلغان:

قېرى كېچە يۈتىلىپ ئاستا،
كارىۋىتىمغا يېقىنلاپ كېلەر.
چۈش دەرىخى شېخىغا قونۇپ،
سايرار ماڭا ئايلانغان كەپتەر.

ئازغۇنلۇقنىڭ جاۋىلداق تىلى،
كۆرسەتمەكتە ئۆلۈمنى بېزەپ.
مەن تۆھمەتلەر ياققان گۈلخاندا،
كۆيۈپ تۇرغان بىر دۆۋە غەزەپ.

تۇن سىزالماي ھەلەك روھىمنى ،
مەن زۇلمەتنى قىلمىغاچ دەستۇر.
ئېتىقاد، شېئىر مەنىۋى مۇنار،
كۆلكەم ناتىۋان، ئازابىم مەشھۇر.

قىسمەت بىرتال ئاچچىق تاماكا،
ھايات ماڭا تۇتقۇزغان ئوراپ.
كەل تەنھالىق خۇرسىنىش يېقىن،
دەرد تەمىن تېتىپ كۆر شوراپ.
«قاپقارا نۇر تامچىتار گۇگۇم» شېئىرىدىن

شائىرنىڭ سەزگۈسى ماھىيەتلىك ھادىسىلەرنىڭ تىۋىشىلىرىغا ئەڭ تۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ خىل تۇيغۇنلۇق شائىرنى رېئاللىقنىڭ ماددىي چۈشەكلىرىدىن يىرەكلىك ھالقىپ مەنىۋى مۇكەممەللىكە قاراپ ئىنتىلىشكە دەۋەت قىلىدۇ. بىراق، شائىرنى مەنىۋى مۇكەممەللىككە ئېلىپ بارىدىغان يول كىشىلەر ئېچىپ بەرگەن داغدام يول بولماستىن، تەنها ئارالدىكى تىكەنلىك يولدۇر. شۇڭا، شائىر ئاچچىق ــ چۈچۈك قىسمەتلەرگە باي كېلىدۇ. ئۇ قىسمەتتىن ئىبارەت بۇ «ئاچچىق تاماكا»نى ئۇلۇغ شوراپ غېرىبلىقنىڭ خۇمارىنى بېسىشقا مەجبۇر. بۇ خىل مەجبۇرىيەت ئېگى شائىر روھىنى تولىمۇ ساپ، بۇلغانمىغان مەنىۋى ئېكولوگىيە بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇنى غېرىبلىقنىڭ مۇڭلۇق مۇزىكىسىنى ئۆز روھى ئارقىلىق چېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. يۇقىرىقى شېئىردا، شائىر دولقۇن روزى ئاشۇ خىل مەنىۋى ئېكولوگىيە شارائىتىدائۆزلۈكتىن ھالقىشقا، مەنىۋى مۇكەممەللىككە يېتىشكە ئۇمتۇلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ يۈگەن ئۇزگەن تۇيغۇلىرى تولىمۇ جۇشقۇن نەپەستە كىشىنىگەن:

مەن يەنە غېرىبلىق شارابى ئىچتىم،
سىر تۆكۈپ كەچ سائەت ئون بىر يېرىمغا.
مۇزلىغان جىسمىمنى ئىللىتماقچىدەك،
قىش ياقار كۆكسىنى خىياللىرىمغا.

ئاق قارغا قانغۇچە يۇمىلىغۇم بار،
ئاق دالا تۇيغۇمدا ئاققۇ پوكىنى.
بەخۋاش قىز، مەن بۇگۈن ئىچمىسەممۇ مەست،
ئەيىبكار ئەمەس بىل شاراب دۇكىنى.
...................................

يىلتىزى چوڭقۇردۇر سېغىنىشىمنىڭ،
ساقلانغان مەي كەبى ئېچىماقتىمەن.
ئازاب گەر بولساڭمۇ كۆزياشتەك قىرتاق،
بەك شېرىن چاڭقاشتا ئېتىماقتىمەن.
«سۆزۈك ئىلتىجا» شېئىرىدىن

تەنهالىقىم مەخپىيىتىدىن،
يارالماقتا بىر گۈزەل ئايال.
بويتاق تۇيغۇم يەشمەكتە كىيىم،
ئىشىكىمنى چەكمىگىن شامال.

ئەركىنلىكتە قايتقان كۈنۈم بۇ،
يۇمۇپ تۇرغىن كۆزۈڭنى ئەخلاق.
پارلىماقتا ئەركەكلىك نۇرى،
بۈگۈن كېچە ياقمايمەن چىراق.
«گۈزەل تۈنەك» شېئىرىدىن

بىز شائىر دولقۇن روزىنىڭ يۇقىرىقى لىرىكىسىدىن بىر ئەركەك روھنىڭ ئىسيانكار چۇقانلىرىنى ئاڭلايمىز. شائىرنىڭ بۇ شېئىرىدىكى جەڭگىۋارلىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان بىرقىسىم ئۆلۈمتۈك شېئىرلار بىلەن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ خىلدىكى ئۆلۈمتۈك شېئىرلار ھادىسىۋى مۇھەببەت سېزىملىرىدىن ۋۇجۇدقا چىققان بولۇپ، «مەن»نىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسى ئۇنىڭ شەخسىي غەم- قايغۇ تۇمانلىرى ئىچىدىكى قايمۇقۇشلىرى بىلەنلا چەكلەنگەن. پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى تىراگېدىيەسى، مۇقەددەس غېرىبلىقى بىلەن ئورگانىك بىرلىك ھاسىل قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن، خۇددى يېتىلمىگەن تۆرەلمىدەك كەمتۈكلۈكتىن خالىي بولالمىغان. شا-

ئىر دولقۇن روزى شېئىرنى قانات قىلىپ تۇرۇپ، ئۆلۈمتۈك تۇيغۇلار بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇشقا، ئويغاق تەپەككۇرى ۋە ئويناق تەسەۋۋۇرى كۈچىدە ئۆز رامكىسىدىن بۆسۈپ چىقىشقا، ئۆزىگىلا مەنسۇپ كىچىككىنە خۇسۇسىي غېرىبلىق ئالىمىگە قامىلىپ قالماسلىققا جۈرئەت قىلغان. سەگەك تۇيغۇلىرىنى ئۇمۇمنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك غېرىبلىق تۇيغۇلىرى بىلەن تەڭكەش قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىغان.

بىز مەتبۇئاتلارغا نەزەر تاشلىساق، يىغلاڭغۇ ئاشىقلارنىڭ ئاشىقلىق سەۋداسىدا ئىڭراشلىرى بىلەنلا چەكلىنىدىغان ئىشق-مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. بىراق، بۇ خىلدىكى لىرىكىلارنىڭ كۆپىنچىسى قىز-يىگىتنىڭ شەخسىي سۆيگۈ ھېسسىياتى، ئاجىز ئىزتىراپلىق نالىلىرىنى ئىپادە قىلىشتىن ھالقىپ كېتەلمىگەن ئىدى. شائىر دولقۇن روزى ئۆزىنىڭ شەخسىي ئازاب-ئوقۇبەت رامكىسىدىن بۆسۈپ چىقىشقا جۈرئەت قىلغان. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا يەنە تىل سەنئىتى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىمۇ ئۇنۇملۇك سىناق ئېلىپ بېرىپ، شېئىرنىڭ ئېستېتىكىلىق جەلپكارلىقىنى ئاشۇرۇش، مەنە قاتلىمىنى يەنىمۇ روشەنلەشتۈرۈش، يۈرەك قېتىدىكى چىن سۆيگۈ تۇيغۇلىرىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق سۆيگۈ كەچۈرمىشلىرى بىلەن يۇغۇرۇۋېتىشكە مۇۋەپپەق بولالىغان.

سەن يېگانە ئايال پادىشاھ ،
قەلبىمدىكى ساماۋى ئەلگە.
ۋەسلىڭ گۈزەل رومانتىكامدا،
قۇملۇقتىكى ئېرىتقۇ قەلئە.

سەرخىلى سەن چۆچەكلىرىمنىڭ،
چۈشلىرىمنىڭ گۈزىلىمۇ سەن.

شېئىر تۇغۇپ بېرەر كۆزلىرىڭ،
لىرىكامنىڭ ئېسىلىمۇ سەن.

مۇھەببەتنىڭ قەدىم قەسرىدە،
كۈتۈشلەردىن ياسىدىم تەخت.
ئۆچۈم بولدى سېغىنىشلىرىم،
سېنىڭ ئىسمىڭ ئازابمۇ، بەخت؟
«سېنىڭ ئىسمىڭ ئازابمۇ، بەخت؟»شېئىرىدىن

دېمەك، يۇقىرىقى شېئىردا، «مەن» نىڭ پۈتكۈل ئوي ـ پىكرىنى مەھلىيا قىلىۋالغان لىرىك ئوبراز «قىز»غا بولغان ئوتلۇق زارىقىشلىرى شائىرنىڭ قايناق شېئىري ھېسسىياتى ۋە ئېستېتىك غايىسى بىلەن باغلىنىپ كەتكەن. شائىر بۇ يەر ـ دە ئىنسانىنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببەتسىز ياشىيالمايدىغانلىقىنى، كىشىنىڭ چىن ۋىسال ئىزدەش يولىدىكى بەدەل ۋە بېغىشلاش ـ لىرىنىڭ ھاياتنى ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ. بىز شېئىرنىڭ تاشقى پوستى بى ـ لەنلا چەكلىنىپ قالساق، شائىرنىڭ «يار» دىن ئىبارەت كونك ـ رېت ئېستېتىكىلىق ئوبرازغا بولغان تەلپۈنۈشلىرى، ھىجران سېزىملىرى ھېچقانداق مۇددىئاسىزلا بايان قىلىنغاندەك تۇيۇ ـ لىدۇ. شېئىرنىڭ تاشقى پوستىدىن شېئىردىكى ئېستېتىكى ـ لىق ماھىيەتكە يۈزلىنىدىغان بولساق، شائىر تۇيغۇلىرىنىڭ ھەرگىزمۇ نوقۇل «يار» ئۇقۇمىنىڭ چۈشەكلىرى بىلەن بوغۇ ـ لۇپ قالمىغانلىقىنى، ئەكسىچە، شائىرنىڭ ئىدېئاللاشقان «يار» ئوبرازىنى سىمۋوللۇق بىرلىك قىلىپ تۇرۇپ تېخىمۇ يۈكسەك ئېستېتىك مەنزىلگە يۈزلەنگەنلىكىنى بايقايمىز. بىز شېئىرنىڭ تاشقى پوستىدىن مەنە قاتلىمىغا يۈزلەنگىنىمىز ـ دىلا شائىرنىڭ تىراگېدىيەدىن ھالقىش ئېڭى بىلەن ئۇچرىشى ـ

مىز. شائىر تەسەۋۋۇرىدىكى گۈزەل ۋە مۇھەببەتلىك دۇنيانىڭ «يار»دىن ئىبارەت غايىۋى ئوبراز سۈپىتىدە گەۋدىلەنگەنلىكىنىمۇ ھېس قىلىمىز. شېئىردىكى «مەن»نىڭ چىن ۋىسالغا بولغان زارىقىشلىرى، ئاشىقلىق سەۋداسىدا پۇچىلىنىشلىرى ئەمەلىيەتتە، ئۆزى تەلپۈنگەن گۈزەل غايىۋى دۇنيانى يارىتىش يولىدىكى چۇقانىدىن، مەنىۋى تولغاقلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

## 2. دولقۇن روزى شېئىرلىرىدىكى مۇزىكا ۋە ئاھاڭدارلىق

ئادەمنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى مۇزىكىدىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلىش تولىمۇ قىيىن. ئەڭ يېقىملىق مۇزىكا كىشىنىڭ نازۇك قەلب تارىنى تىترىتىدۇ، ئۇنى چېكىگە يېتىپ بولمايدىغان ئاللىقانداق گۈزەل تۇيغۇلارغا جور قىلىدۇ. مۇزىكا روھنىڭ تىلى. ئۇ سېھرىي مۇڭلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئالىمىنى كۈچلۈك ھاياجاندا لەرزىگە سالىدۇ. ئەڭ ھېسسىياتلىق شېئىرمۇ بىر سېھىرلىك مۇزىكا ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى شېئىرمۇ روھنىڭ تىلى. ئۇ شائىرنىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ نەپىس تۇيغۇلىرىنىڭ ئوبرازلىق تىل ئارقىلىق ماددىي ھالەتكە كېلىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان بىرپارچە شېئىر ئەڭ ئېسىل مۇزىكىدەك ئوقۇرمەنلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدا كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلالايدۇ. شېئىردىكى ئىچكى مۇزىكىدارلىق شېئىرىيەتنى باشقا ژانىرلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى. رۇس تەنقىدچىسى بېلىنسكى «لىرىك پوئېزىيەنى پەقەت مۇزىكا بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن، ھەتتا شۇنداق ئەسەرلەرمۇ باركى، ئۇلاردا پوئېزىيەنى

مۇزىكىدىن ئايرىپ تۇرغۇچى چېگرا تەخمىنەن يوقىلىپ كې-تىدۇ» دەيدۇ.

بىز دولقۇن روزى شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، مۇزىك-غا رېتىمداش بىرخىل سېھرىي رىتىمنىڭ نازۇك تۇيغۇمىز تا-رىنى چېكىۋاتقانلىقىنى سېزىمىز. شائىر شېئىرلىرىنى ئالدى بىلەن تاشقى دۇنيا ھەققىدىكى تەسىراتلىرىدىن سۇزۇشكە ما-ھىر بولغان، ئۇنى يەنە رېئاللىقتىكى ئەڭ ماھىيەتلىك دېتاللار بىلەن يۇغۇرۇشقا، روھىيەت ئالىمىدىكى يالقۇنلار بىلەن تاۋلاپ چىقىشقا، چىن ھەم قايناق ھېسسىياتى بىلەن سۇغىرىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. كۆز ئالدىدا چېچىلىپ ياتقان جانسىز ھا-لەتتىكى پارچە- پۇرات شېئىرىي دېتاللارنى مول تەسەۋۋۇر كۈچىدە جانلاندۇرۇپ، ئۇنى كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسى تەل-پۈنۈۋاتقان ھەققانىي، ساپ، گۈزەل تۇيغۇلار بىلەن بىرگە پەرۋاز قىلدۇرۇشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. شائىر دولقۇن روزى بۇ خىل پاكىز تۇيغۇلىرىنى گۈزەل شېئىرىي ئوبرازلار ئارقى-لىق نۇرلاندۇرۇپ، ئۇنى «ھەقىقەتنىڭ پاكىز تىلى» ئارقىلىق تېخىمۇ گۈزەل ھالەتتە ئىزھارلايدۇ. بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، شېئىرىي مىسرالارغا سىڭدۈرۈلگەن قويۇق لىرىكا پۇرىقى بىزنى ئىختىيارسىز يەر تەكتىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان سۈپسۈزۈك بۇلاق سۇلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرىنى، مەيىن شامالدا يوپۇرماقلارنىڭ پىنھان شىۋىرلاپ سىر تۆكۈش-لىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك تاتلىق سېزىمغا ئىگە قىلىدۇ:

چىدامدا ئۆلۈمنى چۆچۈتكۈچى مەن،
نازلىنار ئالدىمدا رەڭگارەڭ ئازاب.
كۆپ ئۆتتۇم قارا چۈش پىلسىراتىدىن،
ئۈمىدكە ئېمىلداش ناخشامنى توۋلاپ.

مەن ئۇچۇن ماماتتۇر قەدىر خەجلىمەك،
ئەرلىكىم دارىماس بۇنداق ئويۇنغا.
ۋىجدانىم ئالتۇنغا ئايرىۋاشلانماس،
زورلىما، بەك ئەرزان ئامەتكە دۇنيا.

«ئادەملىك تۇغماقتا مېنى قايتىلاپ» شېئىرىدىن

مۇھەببەت پەسلىڭنىڭ چېچەكلىرىنى،
ئېيت سىڭلىم ئۇششۇتتى قايسى قىش يۈرەك.
بىر يالغان قۇياشقا ئالداندىڭمۇ يا،
كىم يازدى قەلبىڭگە دەردلەنگەن چۆچەك.

مەن ئەسلا يازمايتتىم ئۆلۈمرەڭ شېئىر،
كۆز يېشىڭ ماتەمدار قىلدى قەلەمنى.
يازغىنىم دىلكەشلىك لىرىكىسىدۇر،
بىر سېنى كۈلسۇن دەپ سۆيدۇم ئەلەمنى!

«قىزلارنىڭ كۆز يېشى» شېئىرىدىن

شائىر دولقۇن روزى شېئىرلىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا تەبىئەت بىلەن ئىنسان روھى ئۆزگىچە ئېستېتىك مەۋقەدە ئۆز-ئارا سىڭىشىپ، تەبىئەتنىڭ ئادەملەشىشى ۋە ئادەمنىڭ تەبىئەتلىشىشى ئۇتۇقلۇق يوسۇندا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. بۇ خىل بەدىئىي ئىزدىنىش ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەنىۋى جانلىنىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرى ۋە شەيئىلەر جانسىز، ئۆلۈك، ھېسسىياتسىز تەبىئەت بىرلىكلىرى ھالىتىدە روياپقا چىقىشتىن مۇستەسنا قىلىنغان بولۇپ، شائىر ئۆز تەپەككۇرى، ئېستېتىك غايىسى قۇدرىتىدە تەسۋىرلىمەكچى بولغان تەبىئەت ھادىسلىرىنى ئادەملەشكەن پىسخىكا مۇھىتىدا

جاللاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا ئۇ ياراتقان تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرى ئۆزگىچە ھېسسىياتلانغان ھالەتتە روياپقا چىقىدۇ. ئادەملەرگە خاس ئەقلىي سۈپەتكە ئىگە قىلىنغان جانلىق شەيئى ھالىتىدە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. شائىر ساپ ۋە جانلىق تۇيغۇلارنى قاتمال ئىرادىنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتەك سەۋەنلىكتىن ساقلانغان بولۇپ، ئۇلارنى ئۆزگىچە ئادەملەشكەن پسىخىكا مۇھىتىدا ئەركىن ـ ئازادە، چۈشەكسىز يارىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ ھەم ئادىمىي ئۆزلۈككە قايتۇرۇپ، ئىككىلەمچى تەبىئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. تەبىئەت بىلەن ئادەم روھىيىتىنىڭ ئۆزئارا دەۋر قىلىپ تۇرۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ناھايىتى نەپىس، سېھرىلىك ئىچكى رىتىم پەيدا قىلىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئېستېتىكىلىق ئېڭى ۋە شېئىرغا بولغان تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، مەنىۋى تەلىپىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئىلگىرى شېئىر دەپ قارالغان بىرقىسىم «شېئىر»لارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە بىردىنلا ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب ، شېئىرىي دېتاللارنىڭ ياخشى تاللانماسلىقى، ھەقىقەتنى يالىڭاچ پېتى ئىپادە قىلىش، يوشۇرۇن ئاڭنى ئىپادىلەشكە ئىمكان قالدۇرماسلىقتا كۆرۈلىدۇ. «شېئىر ئاشكارا رول ئويناش سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىقىپ قىسمەن رول ئويناش، قىسمەن روھ ئىزدەش مۇھىتىغا كۆچۈشكە يۈزلەنگەن» بۈگۈنكى كۈندە شېئىرنىڭ تاشقى پوستىدىن ئىچكى پوستىغا (ماھىيەتكە) ئۆتۈشكە ماھىر بولۇش، رېئاللىق دۇنياسىنى مېخانىك ئىپادە قىلىشتىن روھىيەت تىندۇرمىلىرىنى سەنئەتلەشتۈرۈپ ئىپادە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش شائىرلىرىمىزنىڭ ئالدىغا يېڭىچە خىرىسلارنى تاشلىدى. «ئىنسان روھىيىتى سىرلىق، چەكسىز ، مەۋھۇم بىر دۇنيا.

شائىرنىڭ ئېستېتىكىلىق غايىسىدە ماھىيەت مەۋھۇم بولغاند-
كەن، تۇيغۇلار دولقۇنى ئۇيغاتقان شېئىرمۇ سۆزسىز مەۋھۇم
ھالەتتە رېئاللىشىدۇ.» دېمەك شائىر ئەنە شۇ مەۋھۇمىيەت
سېزىملىرىنى ئۆز مەنىۋىيىتىگە سادىق بولغان ھالدا ماددىي
شېئىر ھالىتىگە كەلتۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ خىل مەۋھۇمى-
يەت سېزىملىرىمۇ تەبىئىي ھالەتتە شېئىرغا كۆچىدۇ. شېئىر-
نىڭ غۇۋالىقى قەلب چىنلىقىنىڭ روياپقا چىقىشىدىن باشقا
نەرسە ئەمەس. بىز شېئىردىكى غۇۋالىق ئامىللىرىنى قايرىپ
تۇرۇپ شېئىرىي مەنىنى چۈشىنىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بى-
لەن مۇشۇ غۇۋالىقنى ئاپىرىدە قىلغان تۇيغۇ ئالىمىگە مۇراجەت
قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئىنسان روھى ماھىيەت جەھەت-
تىن ئالاھىدە بىر خىل مەنىۋى مەۋجۇدىيەت دۇنياسى بولۇپ،
شائىر ئۆز تۇيغۇسىدىكى شېئىرنى ماددىي ھالەتتىكى شېئىر
ھالىتىگە كەلتۈرمەكچى بولىدىكەن، جەزمەن ئۆز روھىغا، ئۆز
مەنىۋى دۇنياسىدىكى ساپ شېئىرىيەتلىك تۇيغۇلارغا سادىق
بولۇشى، ئۇنى ساختا تۇيغۇلارنىڭ قۇلىغا، مېخانىك چۈشەنچى-
لەرنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىقى لازىم. ئۇنداق بول-
مايدىكەن، ئۇنىڭ يازغانلىرىنىڭ كارتونلاشقان ھايات كۆرۈ-
نۇشلىرىدىن قىلچە پەرقى قالمايدۇ. شائىر شېئىر ئارقىلىق
ئىنسان روھىيەت ئالىمىنىڭ قۇلۇپىنى ئاچقۇچىلاردىن بولۇ-
شى، ئۆز تەسەۋۋۇرىنىڭ چەكسىزلىك ئالىمىدە پەرۋاز قىلىۋات-
قان قۇشقا ئوخشىشى لازىم. شائىر دولقۇن روزى شېئىرنى قا-
نات قىلىپ روھىيەت بوشلۇقلىرىنى كېزىشكە ئەھمىيەت بەر-
گەچكە، بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن پەرۋازدىكى روھنىڭ قۇدر-
تىنى كۆرىمىز.

شائىر دولقۇن روزى ئىنسانىيەت ئېڭىدىكى مۇرەككەپ
زىددىيەت - توقۇنۇشلار، روھىي دۇنياسىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىز-

گىنىسىز سىلكىنىشلەر، ئېيتىش قىيىن پىنھان تۇيغۇلىرىنى، شۇنداقلا بەخت شادلىقى، ھىجران ئازابى، ۋىسال كۈيلىرى، گىرىمسەن چۈشلىرىنى ئىزدەش جەريانىدىكى زارىقىشلىرى ۋە تالپىنىشلىرىنى... بەلگىلىك غۇۋالىق ئىچىدە شېئىرغا سىڭ-دۈرىدۇ. بىزنىڭ شېئىرخۇمار مەنىۋىيىتىمىزدىكى ئېستېتىكىلىق تەلپۈنۈش ئۇنىڭ شېئىرىي مىسرالىرى ئارقىسىغا يو-شۇرۇنغان ماھىيەت بىلەن ئۇچراشقاندا، تىل بىلەن تەسۋىرلى-گۈسىز سىرلىق ھاياجان ۋۇجۇدىمىزنى تەبىئىي تىترىتىپ ئۆ-تىدۇ. مانا بۇخىل تەسىرلىنىشنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ شېئىرلىرى-نىڭ ئىچكى رېتىمىغا ماسلاشقان مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىدىن قارى-غاندا، ئەنئەنىۋى شېئىرلارنىڭ ئۇسلۇبىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى ماھىرلىق بىلەن قوبۇل قىلىپلا قالماي، ئۇنى يېڭى زامان شې-ئىرىيەت ئىلمىنىڭ ئىلغار تەركىبلىرى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى، ئەنئەنىۋى شېئىرلىرىمىز بىلەن زامانىۋى شېئىرىيەتنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ قەلەم تەۋرىتىش ئۈچۈن ئىزدىنىپ، ئۇنىڭ ئۆيغۇر شېئىرىيىتىگە ماس ھالدىكى راۋاجىنى يارىتىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسى-تىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىمىز. ئۇ يەنە شېئىر ئارقىلىق مۇكەممەل تاشقى رىتىم ۋە قاپىيە گۈزەللىكى يارىتىپلا قالماي، بۇخىل گۈزەللىكنى ئۇنۇملۇك ھالدا ئىچكى رىتىم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان. شېئىرنىڭ ئىككىلەمچى قەۋىتىنى مەنە گۈزەللىكى بىلەن جۇلالاندۇرغان. ئۇ «شېئىر ھوزۇرلىنىش ئۈچۈن يېزىلىدۇ»دەپ قارىغاچقا، شېئىرلىرىنى ئادەتتىن تاش-قىرى گۈڭگىلاشتۇرۇۋەتمىگەن. بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى مە-نىۋى كەيپىياتتىن گويا تولۇن ئاينىڭ بىردە كۆرۈنۈپ، بىردە ئۆزىنى بۇلۇتلار ئارىسىغا ئالغىنىدەك گۈزەل ھالەتنى، سۇدا

ئېقىپ كېتىۋاتقان ئالەمنىڭ بىردە چۆكۈپ بىردە لەيلەشلىر-
دەك جانلىق كۆرۈنۈشنى، ئوي - پىكىرنىڭ ھەم يوشۇرۇن ھەم
ئاشكارا ئىپادە قىلىنغانلىقىنى بايقايمىز. شۇڭا، ئۇنىڭ شې-
ئىرلىرىنى ئوقۇغان ھەر خىل قاتلامدىكى كىتابخانلار تېگىش-
لىك بەھىر ئالالايدۇ. بۇ شېئىرلاردىن بىز تۇراق، قاپىيە، رى-
تىم قاتارلىق ئامىللارنىڭ شېئىردىكى قايناق ھېسسىيات، مول
تەسەۋۋۇر، ماكان - زاماندىن ھالقىش ھىددىنى ئالغان روھ ۋە
تىرەن ئوي - پىكىرلەرنى چەكلىمىگە ئۇچراتمىغانلىقىنىمۇ
ھېس قىلىمىز. نەتىجىدە، شېئىرنىڭ ئاھاڭدارلىقى ۋە مۇزى-
كىدارلىقىنىڭ يەنىمۇ كۈچىيىپ، ئېستېتىكىلىق جەلپكارلى-
قىنىڭمۇ زور دەرىجىدە ئاشقانلىقىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز. دەر-
ۋەقە، دولقۇن روزى شېئىرلىرىدا، روھ بىلەن تەننىڭ پايانسىز
تۇيغۇ مەنزىلىدىكى ئورگانىك بىرلىكى ھەقىقىي رەۋىشتە ئە-
مەلگە ئېشىپ، شائىر روھىنىڭ مۇزىكىلاشقان ھالەتتە مەيدانغا
چىقىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان.

ئەدەبىيات — تىل سەنئىتى. «تىل ئۆز مۇمكىنچىلىكىدە
شېئىردىن ئىبارەت مۇقەددەس ناخشىنى تۈرلۈك ئاۋازدا چەك-
لىمىسىز ئېيتىپ بېرىشكە قادىر.» بەرھەقكى، بەدىئىي ماھا-
رەتتە پىشقان شائىرلارلا تىلنىڭ سېھرىي كۈچى بالاغىتىدە
شېئىردىن ئىبارەت ئىككىلەمچى رېئاللىق كۆرۈنۈشلىرىنى
پەيدا قىلالايدۇ. شۇڭا، شېئىرىي تىل ساپ، گۈزەل، كۆركەم
بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى كەڭ مەنە سىغىمچانلىقى-
غا ئىگە قىلىنىشى، شائىر ئاز ۋە ساز سۆزلەر بىلەن كۆپ مەنە
ئىپادىلەشكە كۈچىشى لازىم. بۇنداق قىلىش شېئىرىي تىلنى
ئادەتتىكى تۇتۇق تىل ھالىتىدىن قۇتۇلدۇرالايدۇ، ئۇنى سەن-
ئەتلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىرىشتۈرۈپ، ئوبرازلىق تىل ۋە
مۇزىكىلىق تىل يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرەلەيدۇ. شۇنى ئەسكەرتىپ

ئۆتۈش هاجەتكى، شېئىرىي تىل يۇقىرىقى تەلەپنىڭ هۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن بەزىدە گىراماتىكىلىق قائىدىلەر، ئادەتلەشكەن لوگىكىلىق تەلەپنىڭ چەكلىمىسىدىن هالقىپ كېتىشى كېرەك. بىز يۇقىرى بەدىئىي ماهارەت بىلەن يېزىلغان، قايناق هېسسىيات تامچىپ تۇرغان لىرىكىلارنى ئوقۇغىنىمىزدا، گويا مۇزىكا تىڭشاۋاتقاندەك تەسىراتقا كېلىمىز. بۇ جەهەتتە شائىر دولقۇن روزى شېئىرلىرىدا بىز سۆيۈنگۈدەك بەدىئىي سەۋىيە يارىتالىغان:

دادا سېنىڭ قىسمەت زوۋۇلاڭ،
ئۇزۇلگەنمۇ چىدام قولىدا.
يىللار نەقىش ئويغان ماڭلىيىڭ،
ئوخشار نۇرلۇق سامانيولىغا.

مەزمۇت روهىڭ ئادىمىلىك هەم،
چىن مېھرىدىن تىكلەنگەن مۇنار.
ئاپئاق كۆڭلۈڭ چەكسىز بىر دالا،
ئۇندا نان ۋە ۋىجدان هىدى بار.

سەن «جۇنۇن»نى ئېيقانچە سوزۇپ،
ئارمان يۇدۇپ چىقساڭ ئېتىزغا.
نۇر ئېمىدۇ ناخشاڭدىن سەهەر،
ئايلىنىدۇ مايسىلار قىزغا...

ئايدىن نۇسقا ئالغان كەتمەننى ،
ئىرادەڭدە ئۇپراتتىڭ تالاي.
شاھ سانغاچ دېھقانلىقىڭنى،
سەن تەقدىرگە بولمىدىڭ مالاي.
...................................

## مەڭگۈلۈك ئىزدەش

دادا سېنى شېئىرلىرىمدا،
قۇياش قىلىپ سىزىپ چىققۇم بار.
سەن كېلىسەن باھار يېتىلەپ،
چۇشلىرىمنى باسقان چاغدا قار...

«دادا روھى» شېئىرىدىن

بىز يۇقىرىقى كۇپلېتلاردىن شائىرنىڭ قەلىمىدە نۇرلانغان جاپاكەش دادىنىڭ چىدام بەدىلىگە ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇش، ھاياتتىن پاك مەۋجۇتلۇق يولى ۋە ھەقىقىي مەنە ئىزدەشتەك قەيسەر ، سەممىمىي روھىنى سىزىپ چىققانلىقىنى يەنى بۇ مەزمۇت «دادا» روھىغا باغلانغان مەلۇم بىر تارىخىي دەۋرنىڭ بەدىئىي كارتىنىسىنى يىغىنچاق ھالدا ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

بىر يۇرەك بار باھارسىرىغان،
جۇدۇن قولى سالماقتا چاڭگال.
ئۇ سۇرىدۇ ئېغىز خۇرسىنىپ ،
شاكىراپقا چىلانغان خىيال.

چوغ بېرىڭلار كۆيۈۋاتقانلار،
ئۇ بەئەينى ئوتى ئۆچكەن مەش.
ئۇششۇك تەگكەن تىنىقلىرىدىن،
تامچىلايدۇ ساناقسىز ئۇندەش.

..................................

نېمىشقىمۇ سۆيۈپ قالدىكىن؟
قارا ھىجران خەيرەندىسىنى.

ئۇ پاك ئىدى، ساتقۇن قەسەملەر،
خەجلىۋەتتى ئەقىدىسىنى...
«بىر يۈرەك بار باھارسىرىغان» شېئىرىدىن

شائىر دولقۇن روزى شېئىرلىرىدىن بىز يەنە ئوبرازلىق مەنە ئىپادىلەش ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، ئۆزگىچە مەنتىقىي قۇرۇلمىغا ئىگە قىلىنغان سىمۋوللۇق بېشارەت كۈچى كۈچلۈك تىل ئامىللىرىنىڭ كۆپلىكىنىمۇ بايقايمىز. مەسىلەن، «بىر قۇچاق ھەسرەت» ، «بىر دۆۋە غەزەپ»، «گۈزەل ھىجران»، «ئاپتاپلىق چۈش»، «تىرىك جەننەت»، «يېشىل تۇيغۇ»، «چۈش دەرىخى» ، «ئادەم بېلىق» ، «ئۈمىد تېرىش»، «قوڭۇر كۈي»، «سۈزۈك تۈيغۇ»، «ئېزىتقۇ قەلئە»...قاتارلىقلار. بۇ تىل ئامىللىرى شائىرنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى بەدىئىي ئوبرازلارغا ئۇتۇقلۇق سىڭدۈرۈشى، شېئىرىي تىلنى سىمۋوللۇق تىلغا ئايلاندۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان ھەمدە شېئىرىي تىلنىڭ مۈزىكىدارلىقىنى، ئوي- پىكىرنى ئىپادىلەش سالمىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان.

«شېئىر سەنئەتنىڭ يۇقىرى پەللىسى». شائىرنىڭ «تىرىلگەن چاقماق»، «مۇھەببەتسىز يۈرەك قەبرىگاھ»، «كوچىدىكى قىز»، «‹بەيتۇللا›نىڭ ئالدىدىن مەست ئۆتمىسەم بولاتتى»، «جامالىڭ تولۇن ئاي ئەينىكى گويا»، «مېھمىنى بولماڭلار سۆيگۈسىز دىلنىڭ»، «ئەڭ ئاخىرقى سۈۋادان»، «‹سادىر ئۆڭكۈرى›دە توۋلىدىم ناخشا»، «ئەسسالام ‹بەيتۇللا› غۇلجام يۇردكى»، «چولپانلار ياتىدۇ ‹چولپان مازار›دا»، «خوش، توققۇزتارانىڭ ئايسىز كېچىسى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا، ئۇنىڭ شېئىردىن مەنىۋى مۇكەممەللىك ئىزدەش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى، روھ بىلەن تەننىڭ ئاچچىق خۇرسىنىش ئىلكىدىكى مونولوگ-

لىرى، ئىنساني ئۆزلۈك ۋە مىللىي كىملىك كرىزىسى ئۇس-
تىدىكى تىرەن ئويلىنىشلىرى ناھايىتى سەگەك ئاڭ ۋە ۋىجدا-
نىي تۇيغۇدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئىنسان تەبىئىتىگە ۋە-
كىللىك قىلىدىغان روھ قانچە خۇنۇكلىشىپ بارسا ئادەمنى
ھالاكەتكە باشلايدىغان ياۋايى تەبىئەتمۇ شۇنچە قۇتراشقا باشلاي-
دۇ. كىشلەرنىڭ شائىرلارنى ئۇلۇغلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى،
ئۇلار ئۆزىدىن ھالقىغان ھالدا، ئۆز خەلقىنىڭ، پۈتۈن ئىنسان-
يەتنىڭ خۇشاللىق ۋە قايغۇسى بىلەن ئورتاقلىشىپ گۈزەل
بىر دۇنيا يارىتىشقا ئىنتىلىدۇ. ئىنساني قەدىر- قىممەت ۋە
ساغلام گۈزەللىك يارىتىشقا تىرىشىدۇ. شائىر يەنە تەبىئەت بى-
لەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى چەكسىز مۇھەببەتنى كۈيلىگۈ-
چى ۋە سۆيگۈچى. شائىر بۇ خىل بۇرچ تۇيغۇسىنىڭ تىنىمسىز
قۇترىتىشى بىلەن ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىق
كۆرسىتىپ مەنىۋى دۇنياسىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلايدۇ، روھىيەت
ئالىمىنى كېڭەيتىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا،
شائىرنىڭ پىشىپ يېتىلىۋاتقان بەدىئىي تالانتىنى بايقايمىز.
كۆپ قىسىم شېئىرلىرىدا مودېرنىزملىق ئاڭ بىلەن رېئا-
لىزملىق ئاڭ تەبىئىي ھالدا يۇغۇرلۇپ كەتكەن بولۇپ، شائىر
كىتابخانلار بىلەن مەنىۋى ئارىلىق ساقلاشقا ھەم ئىستېتىكى-
لىق بوشلۇق قالدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. شېئىر-
نىڭ مۇزىكىدارلىقىنى كۈچەيتىپ،ئۇنىڭ مەپتۇنكارلىقىنى يە-
نىمۇ ئاشۇرغان ۋە شېئىر ئارقىلىق ھەقىقىي گۈزەللىكنىڭ
چۈمپەردىسىنى ئاچقان. مەن بۇ ماقالەمدە ئۇنىڭ شېئىرلىر-
نىڭ بەدىئىي گۈزەللىكىگە دائىر ئىككى مەسىلە ئۈستىدە
توختىلىپ ئۆتتۈم. كېيىنكى مۇلاھىزىلىرىمىزدە يەنە دولقۇن
روزى شېئىرلىرىدىكى پەلسەپەۋى پىكىر، سىمۋوللۇق ئاڭ،
جۇشقۇن روھ ۋە تەبىئەتنى سۆيۈش، ئېكولوگىيىلىك مەسئۇ-

لىيەت... قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ، دەپ قارايمەن. ئاخىرىدا، شائىرنىڭ يەنىمۇ ئېسىل شېئىرلىرى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قەلب چاڭقىشىنى قاندۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاپتور: قورغاس ناھىيەلىك 5- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى

مەسئۇل مۇھەررىر: خۇدابەردى خېلىل
مەسئۇل كوررېكتور: شەمسىيە تۇرسۇن

# مەڭگۈلۈك ئىزدەش

ئاپتورى: دولقۇن روزى
نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013
تېلېفون نومۇرى: 64290862 ـ 010
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: بېيجىڭ يىخۇي باسما چەكلىك شىركىتى
نەشرى: 2010 ـ يىل 10 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى: 2010 ـ يىل 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى: 850 × 1168 م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 7.25
تىرازى: 2500
باھاسى: 13 يۈەن
ISBN 978-7-105-11181-7/I·2212 （维 322）

图书在版编目(CIP)数据

永恒的追求：维吾尔文/多力坤·肉孜著．—北京：民族出版社，2010.10
ISBN 978-7-105-11181-7

Ⅰ.①永… Ⅱ.①多… Ⅲ.①诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.①I227

中国版本图书馆CIP数据核字(2010)第198139号

# 永恒的追求

责任编辑：胡达拜的
责任校对：夏木斯亚·吐尔逊
出版发行：民族出版社出版发行　　http://www.mzcbs.com
地　　址：北京市和平里北街14号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京艺辉印刷有限公司
版　　次：2010年10月第1版 2010年10月北京第1次印刷
开　　本：850×1168毫米　大32开
印　　张：7.25
印　　数：2500
定　　价：13元
ISBN 978-7-105-11181-7/I·2212（维322）



ISBN 978-7-105-11181-7

定价：13.00元